# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

## 新疆社会科学研究

( ئىچكى ژۇرنال )

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە
قارشى تۇرۇشقا دائىر مەخسۇس سان

维护祖国统一，反对民族分裂
专　辑


ئومۇمىي 79 ـ سان

3

1990



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
新 疆 维 吾 尔 自 治 区 社 会 科 学 院

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


شىنجاڭنىڭ تارىخىدىكى شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرايلى (مۇقەددىمە) ............... فېڭ داجېن 1

پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا ئەۋج ئېلىشى ۋە ھالاك بولۇشى ............... بۇرھان شەھىدى 9

نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ ............... گۇ باۋ 17

پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى ھەم بەربات بولۇشى ............... جى داچۈن 22

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ماركسىزملىق مىللەت قارىشىغا زىت ............... ياڭ فارېن 48

مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ............... ئابدۇشۈكۈر تۇردى، لىن شېڭ 61

شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدىكى بىرقانچە مەسىلە ............... بۇرھان شەھىدى 75

شىنجاڭ غەربىي خەن دەۋرىدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ زېمىنى ............... گو پىڭلياڭ 88

200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدا بولۇپ كەلگەن كۈرەش ............... سەي جىنسۇڭ 98

«غازات»نىقابى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ ماھىيىتىنى ياپالمايدۇ ............... چى فۇ 118

«بۇرۇن ماركسىزم ـ لېنىنىزم دىنىنى باسقان، ئەمدى دىن ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە ............... ليۇ جۇڭكاڭ 126



ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا دائىر مەخسۇس سان

باش مۇھەررىر: ئابدۇشۈكۈر تۇردى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: زايىت رەھىم

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشىردىن چىقتى

باھاسى: 1.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭنىڭ تارىخىدىكى شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرايلى (مۇقەددىمە)

فېڭ داجېن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى، ئۇيغۇرچە نۇسخىسمۇ پات ئارىدا كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ۋە تارقىتىلغانلىقى ھەر مىللەت تارىخشۇناسلىرىنىڭ ھەمكارلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، نۇرغۇن رەھبىرىي يولداشلار ۋە ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرىنىڭ بىرلىكتە تىرىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

تارىخىي تەجرىبىلەر ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىككە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدا بولغان كۈرەشنى ئەسلەيدىغان بولساق، سانسىز پاكىتلار بىر ھەقىقەتنى، يەنى تارىخ تەتقىقاتىنىڭ زادىلا رېئاللىقتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن «12-دېكابىر» ۋەقەسىدىن 1988 - يىلدىكى «15 - ئىيۇن» ۋەقەسىگىچە، بۇلتۇر يۈز بەرگەن «19 - ماي» ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدىكى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىدىن بۇ يىل بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭغىچە بولغان ۋەقەلەردە ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر جېدەل-ماجرا چىقىرىشقا ئورۇنغاندا، ئىشنى ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاشتىن باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەكتەپلەردە لېكسىيە سۆزلەپ، بەزىلىرى ماقالە ئېلان قىلىپ، بەزىلىرى ئوچۇق - ئاشكارا كىتاب يېزىپ، ئۆز مەيلىچە تارىخ ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، قانداقتۇر «شىنجاڭ يېقىنقى زامانلاردا جۇڭگوغا قوشۇۋېتىلگەن»، «تارىختىن بۇيان مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى ئىدى» دەپ كاپشىدى؛ قەدىمكى زاماندا جۇڭگو زېمىنىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە غەربىي قىسمىدا ياشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان ئاز سانلىق مىللەتلەر جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئەمەس؛ «خەنزۇدىن ئىبارەت ئەجدىھا تارىختا بۇ دۆلەتنى (شىنجاڭنى) يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئۈزۈلدۈرمەي تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ كەلگەن، «ئۇنى جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان» ۋەھاكازا دەپ كاپىشىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى رەزىل مەقسىتى مالىمانچىلىق پەيدا قىلىش، بىر قىسىم ئاممىنى، بولۇپمۇ تارىختىن ساۋاتى بولمىغان بىر قىسىم ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى ئالداپ ۋە قايمۇقتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن تارىخىي ئاساس يارىتىش ۋە جامائەت پىكرى ھازىرلاشتىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر شۇنداق قىلدى، چەت ئەللەردىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇر مەتتىمىن، ئەيساغا ئوخشاشلارمۇ شۇنداق قىلدى. بۇ تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەش مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇبازنى ماركسىزم ئىگىلىمىسە، مۇقەررەر ھالدا بۇرژۇئازىيە ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەر ئىگىلەپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇ كۆرەشنىڭ ئىلگىرى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 40 - يىللاردا پانتۈركىست مەتتىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابى چەتئەلدە نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان ئەيسا گۇرۇھىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە مىللەتلەرنىڭ تارىخى بۇرمىلانغان نۇرغۇن كىتابلار نەشر قىلىنىپ، ھەرخىل يوللار ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزغا كىرگۈزۈلدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ بەزىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە مىللەتلەرنىڭ تارىخى بۇرمىلانغان بىر نەچچە پارچە كىتابى نەشر قىلىندى. بۇ كىتابلاردا سىياسىي جەھەتتە بۆلگۈنچىلىك تەرغىپ قىلىنغانلىقى، بۇ كىتابلار بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن، بەزىلەر بۇ كىتابلارنى گۆھەر دەپ بىلدى، بەزىلەر مەخپىي ھالدا كۆچۈرۈۋالدى، بەزىلەر ھەرخىل يوللار ئارقىلىق ئامما ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى مەنبەنى ئېنىقلاشتا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر تەرىپىدىن قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن تارىخ جەھەتتىكى ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلىغان ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىر-

گۆزگەن رەزىل غەرىزىنى ئېچىپ تاشلاشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى تارىخ ھەقىقىتى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىشەنچىسىنى قەتئىيلەشتۈرۈشكىمۇ پايدىلىق.

شىنجاڭنىڭ تارىخىنى، جۈملىدىن مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنىڭ خۇلاسىلىشىمىزگە، ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان قانداق قىممەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەر بار، بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىزغا تېگىشلىك بولغان قانداق تارىخىي ئەنئەنىلەر بار؟ مەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىنى ھېس قىلدىم:

1. **مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر تەجرىبە ۋە ئەنئەنە.** شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، ھازىر شۇنداق، قەدىمكى دەۋردىكى شىنجاڭدىمۇ شۇنداق بولغان. تارىخ تەرەققىي قىلىپ چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا مىللەتلەر قوشۇلۇپ كېتىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. ھۆججەت، ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، شۇ چاغدا شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ساك، توخار، ھۇن، تۇغلۇق، قۇجىيە، خەنزۇ، چاڭ قاتارلىق مىللەتلەر شۇ چاغدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشقان، ئۇنىڭدىن كېيىن شەكىللەنگەن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگىمۇ مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، خەنزۇ (خۇاشيا) مىللىتى شىنجاڭغا ئەڭ بۇرۇن كەلگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەن، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان جاڭچيەن غەربىي رايونغا كەلگەندىن كېيىن، خەنزۇلار شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆپلەپ كەلگەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى غەربىي خەن ھاكىمىيىتى شىنجاڭدا غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى قۇرۇپ، ھەر قايسى جايلاردا قوشۇن تۇرغۇزغاندىن باشقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنى شىنجاڭغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئېلىپ كەلگەن، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ كورلا، بۈگۈر، چاقىلىق، تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلىرىدا خەنزۇ دېھقانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن، ئۇلارنىڭ سانى كۆپ بولغاندا نەچچە مىڭ كىشىگە، ئاز بولغاندا نەچچە ئون كىشىگە يەتكەن. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە نۇرغۇن خەنزۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قېچىپ شىنجاڭغا كەلگەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا خەنزۇلار تېخىمۇ كۆپەيگەن. تۇرپان شۇ چاغدا خەنزۇلار ئەڭ مەركەزلەشكەن رايون بولغان، مىلادى 460 - يىلدىن كېيىن، تۇرپان رايونىدىكى خەنزۇلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان، خەنزۇلار ئارىسىدىكى كەن، جاڭ، ما، چۈي فامىلىلىك كىشىلەر ھۆكۈمرانلار سۈپىتىدە بۇ يەردە 100 - 200 يىل تۇرغان. سۈي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي رايوندا ئەنشى (كۇچا) قاتارلىق تۆت يەردە بازار قۇرۇپ، بۇ يەرلەردە 40 مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇ ئەسكەر تۇرغۇزغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن نۇرغۇن دېھقان شىنجاڭغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كەلگەن. خەنزۇ دېھقانلار كۆپىيىپ نۇرغۇن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق نۇرغۇن جايلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىگە ئوخشاش يەر بېشىغا قاراپ سېلىق سېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خەنزۇلار داۋاملىق شىنجاڭغا كەلگەن. تارىختا شىنجاڭغا كىرگەن خەنزۇ خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى شۇ جايدىكى مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان پاكىتلار خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، بۇنداق ئايرىلالماسلىقنىڭ تارىختا شەكىللەنگەنلىكىنى؛ ئىلگىرى شىنجاڭنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا خەنزۇ ۋە ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق قىلىشىپ ئورتاق كۈرەش قىلىشىغا تايىنىلغانلىقىنى؛ ھازىر شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇشتا يەنىلا خەنزۇلار بىلەن ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ زىچ ئىتتىپاق قىلىشىپ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىر مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغاشقا بېرىلىپ كەتكەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر خەنزۇ خەلقىنى دۈشمەن دەپ قاراۋاتىدۇ، ھەتتا «خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك» دەپ داۋراڭ سېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەم شىنجاڭنىڭ تارىخىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ھەم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا، گۈللىنىشىگە ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ پايدىسىز، شۇڭا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەك.

2. ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە دائىر تەجرىبە ۋە ئەنئەنە. شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ بىر قىسمى. مىلادىدىن

ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ مىلادىدىن ئىل-
گىرىكى 60 - يىلى غەربىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي رايوندا غەربىي رايون
تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى قۇرۇپ، غەربىي رايوننىڭ ھەربىي ئىشلىرى ۋە
مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. شىنجاڭ خەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسىگە رەس-
مىي كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭ
بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىنىڭ بىرلىكى باشتىن ئاخىر تارىخ تەرەق-
قىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ تارىخىدا بۆلۈنۈش
ھالىتى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىردا يەنىلا بىرلىككە كەلگەن. خەنزۇ
مىللىتى ئېلىمىزدىكى ئاساسىي مىللەت بولۇش سۈپىتىدە بىرلىككە كەلگەن كۆپ
مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى بەرپا قىلىشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان. لېكىن، شىنجاڭدا
ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش
مىللەتلەرمۇ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى بەرپا قىلىشقا ئوخ-
شاشلا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان، شۇڭا ئۇلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەزاسى
بولۇشقا ۋە تارىختىكى خوجايىنلىق ئورنىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق.
بىرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېك-
تىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، بۆلگۈنچىلىك ھەر قايسى مىللەتلەرگە، شىنجاڭنىڭ
گۈللىنىشىگە، تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ تارىختىكى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشتىن چىقارغان ئورتاق يەكۈنى،
بۇ تارىختا ۋە بۈگۈنكى كۈندىمۇ يىمىرىلمەس ھەقىقەت، لېكىن بەزى كىشىلەر
«شىنجاڭ ئەزەلدىن مۇستەقىل تۈركىستان دۆلىتى» ئىدى، ئۇ «يېقىنقى زامان-
دىلا جۇڭگوغا قوشۇۋېتىلگەن» دېگەنگە ئوخشاش ئويدۇرما تارىخقا ئىشىنىپ
كېتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇستەقىل
شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» دېگەن نەرسە تارىختا زادىلا بولۇپ باقمىغان،
ئەگەر مەۋجۇت بولغان دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ
12 - كۈنى سابىت داموللا بىلەن مەمتىمىن قەشقەردە پىلانلاپ قۇرغان «شەرقىي
تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دىن ئىبارەت. بىر قىسىم رايوندا قۇرۇلغان
بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئىسلام ئەقىدىلىرىنى «مىزان» قىلىشنى ئېنىق
بەلگىلىگەنلىكى، ئىسلام دىنىنى يولغا قويۇشنى ئاساس قىلغانلىقى، دىنىي
ساھەدىكى بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام كىشىلەر ۋە پومېشچىكلار سىنىپى
بىرلىشىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىش-
كەنلىكى ئۈچۈن، بىر نەچچە ئاي ئۆتەر-ئۆتمەيلا گۇمران بولغان. تارىخ بىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى، كىمكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلسا، ئۇنىڭ چەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى سەلبىي جەھەتتىن ئۇقتۇردى.

**3. ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا دائىر تەجرىبە ۋە ئەنئەنە.**

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى شۇنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلىدىكى، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى ۋە ئۇنى ئەزگەنلىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، نامرات، قالاق ھالەتتە قالغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولغان، بولۇپمۇ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيادىكى بارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر ئارقا-ئارقىدىن جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان. ئەنگلىيە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىدا شياڭگاڭ ۋە جيۇلۇڭنى بۆلۈۋالغان؛ چاررۇسىيە تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە شەكلى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمالىدىكى 1 مىليون 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىننى تارتىۋالغان؛ ياپونىيە 1895 - يىلى تەيۋەن ۋە پېڭخۇنى ئىشغال قىلىۋالغان. جاھانگىرلار پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ تەخمىنەن ئالتىدىن بىر قىسمىغا باراۋەر كېلىدىغان يەرنى ئىشغال قىلىۋالغان. ۋەتەن دۇچ كەلگەن خەۋپ-خەتەر ۋە بالايىئاپەت پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئويغاتقان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىمۇ ئويغاتقان، ئىتتىپاقلىشىپ، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش يولىدىكى كۆرەشلەردە تىللاردا داستان بولىدىغان نۇرغۇن مىللىي قەھرىمانلار مەيدانغا كەلگەن. 1855 - يىلى تارباغاتايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ سودا چەمبىرىكىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن كۆرىشى بۇنىڭ بىر مىسالى، چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى بىر قاتار شەرتنامىلەردىن پايدىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى نۇرغۇن يېرىنى بېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چاررۇسىيىگە قارشى كۆرەش قىلغان، بۇ كۆرەش بەزىدە پەسىيىپ، بەزىدە كۈچىيىپ، ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلگەن. بولۇپمۇ قوقەند خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆرىشى تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، ئۇلار ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنى تىنجىتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە ماسلاشقان. شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە، چاررۇسىيە تاشقى موڭغۇلدىكى ئەكسىيەتچى ۋاڭ-گۇڭ ۋە لامالارنى بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا،

تاشقى موڭغۇلدىكى ساتقىن قوشۇننى ئالتايغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈپلا قالماستىن، ئىلى، ئالتاي ۋە قەشقەرگە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋېلىشنى پىلانلىغان. نەتىجىدە خوتەننىڭ چىرا كەنتىدە چاررۇسىيىگە قارشى كۆرەش پارتلىغان، روسىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىمۇ چار پادىشاھنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى چەكلىگەن. شۇڭا، چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋېلىش يولىدىكى ستراتېگىيىلىك پىلانى بەربات بولغان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش كۆرىشى جەريانىدا نۇرغۇن مىللىي قەھرىمانلار مەيدانغا كەلگەن، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى باشتىن - ئاخىر بىزنى ئالغا بېسىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غۇرۇرى. ھازىر جاھانگىرلار ئېلىمىزگە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈشنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ۋەتەن ساتقۇچىلىقنى شەرەپ دەپ بىلىپ، شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش كويىدا بولۇۋاتقان ۋاقىتتا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىزغا تېخىمۇ ئەرزىمەمدۇ؟

4. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، بىرلىكتە ئالغا باسقانلىقىغا دائىر تەجرىبە ۋە ئەنئەنە. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. تارىختا ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا كەڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىمۇ ئىنتايىن قويۇق بولغان. بولۇپمۇ شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغاندىن كېيىن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇنداق ئالاقە تېخىمۇ قويۇقلاشقان. بۇ مەزگىللەردە ئىچكى جايلاردىن نۇرغۇن دېھقانلار، قول سانائەتچىلەر شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇلار بۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلىشىش جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينىغان؛ شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق ئۇستىلىرى ۋە باغۋەنلىرى - ئىچكى جايلارغا بارغان، بولۇپمۇ ئۇلار كېۋەز يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئىچكى جاي-

www.uyghurkitap.com

لارغا تارقىتىپ، ئىچكى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىچكى جايلارنىڭ يىپەك، رەخت، چاي، تۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇملار، دورا ماتېرىياللىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ ئېلىپ كېلىنگەن، شىنجاڭنىڭ نەسىللىك چارۋا ماللىرى، تېرە، يۇڭ، قاشتېشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىمۇ ئىچكى جايلارغا كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلغان. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان «قەدىمنامە»، «نەزمىنامە»، «ۋاپانامە» قاتارلىق كىتابلار خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي رايونغا كۆپلەپ تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا دىنى شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى جايلارغا تارقالغان. بولۇپمۇ كۈسەن مۇزىكىسى، سۇلى مۇزىكىسى ۋە رەسىم سىزىش تېخنىكىسى قاتارلىقلار شىنجاڭدىن ئىچكى جايلارغا تارقىلىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان پاكىتلار شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغانلىقىنىڭ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇزاقتىن بۇيان قويۇق ئالاقە قىلىپ كەلگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچكى جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن، بولۇپمۇ خەنزۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدىكى ئۇلۇغ كۆرەشكە تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دەرۋەقە، شىنجاڭدا ۋەتىنىمىز بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخ جەريانىدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئەنئەنە ۋە تارىخىي تەجرىبە بولۇپلا قالماي، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان بەزى تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرمۇ بولغان. لېكىن بۇ دولقۇنلۇق چوڭ دەريانىڭ تارماق ئېقىمىدىلا ئىبارەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىسقا ۋاقىت داۋام قىلغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشى ئارقىسىدا ئارقا ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ سەلبىي تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر بىزنىڭ ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ، بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىزدا يەنىلا پايدىلىق.

(داۋامى 10 ـ بەتتە)

# پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا ئەۋج ئېلىشى ۋە ھالاك بولۇشى

بۇرھان شەھىدى

## پانئىسلامىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

پانئىسلامىزم بىر خىل ئەكسىيەتچىل دىنىي مەسلەك، ئۇ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇرژۇئازىيىنىڭ دىنىي ساھەدىكىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ مەقسىتى تۈركىيە سۇلتانى قوشۇمچە دىنىي داھىيسى — خەلىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىكى دۆلەت ۋە خەلقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام دىنىدىكى ئۇلۇغ تۈركىيە دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. 1914 — يىلىدىن 1918 — يىلىغىچە بولغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىمۇ، گېرمانىيە جاھانگىرلىكىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىنى پانئىسلامىزمدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغانىدى. شۇ چاغلاردا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ھىندىستاندىكى بىر دىنىي يولباشچى — ئاغاخان ئارقىلىق، پانئىسلامىزمدىن پايدىلىنىپ، تۈركىيىنى، ئافغانىستاننى، ئىراننى، مىسىرنى ۋە فرانسىيىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىسىنى تامامەن ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالماقچى بولغان. گېرمانىيە جاھانگىرلىكى بولسا تۈركىيە ئارقىلىق، پانئىسلامىزمدىن پايدىلىنىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇرماقچى ھەم ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى بولغان.

## پانتۈركىزمنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ قىسقىچە جەريانى

پانتۈركىزمنى XX ئەسىردە تۈركىيە مىللەتچىلىرى ياراتقان. ئۇنىڭ مەقسىتى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، پانتۈرك دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت. پانتۈركىزمچىلەر: ۋەتىنىمىز تۈركىيىلا ئەمەس، تۈركىيىلىكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۈركىستانمۇ ۋەتەن ئەمەس، ۋەتەن كەڭ، بىرلىككە كەلگەن تۇراندۇر، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن تۈركىيىگىچە بولغان كەڭ رايوننىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى، دەپ كاپشىيتتى. ئەينى ۋاقىتتا چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاستىدا تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرمۇ مۇشۇنداق ئىدىيىنى تەشۋىق قىلغان. 1917 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلغىچە، گېرمانىيە جاھانگىرلىكىمۇ پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ، قارا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تۈركىيە ئارقىلىق ئاندىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ھىندىستاننى بېسىۋېلىپ، ئەنگلىيە بىلەن مۇستەملىكە تالاشماقچى بولغانىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ كۈچى ئاجىزلىدى، روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى يۈز بەردى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى بېسىۋالدى، ئۇ تۈركىيىنىڭ، ئەنگلىيىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان سابىق دۆلەت مۇداپىئەسى مىنىستىرى ئەنۋەر پاشا ئارقىلىق 20 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇنى قوراللاندۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېتكە قارشى ئۇرۇش ئېلىپ باردى، بۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى 1926 ـ يىلى ئاران يوقاتتى. ئەمما پانتۈركىزم ئىدىيىسى مەلۇم دائىرىدە ۋە مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ كېلىۋەردى.

## بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدىكى پانئىسلامىزمنىڭ ۋە پانتۈركىزمنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەتلىرى

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن بۇيان، تۈركىيەمۇ، گېرمانىيە جاھانگىرلىكىمۇ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىمۇ، ياپون جاھانگىرلىكىمۇ پانئىسلامىزم ۋە

---

قىسقىسى «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتاب ھەممىلەننىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭدا يېتەرسىزلىكلەر يوق دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكى يولداشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ بىر قورال؛ تارىخ ساۋاتى كەمچىل بولغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ سەگەتكۈچ دورا، ئۇ كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ، بۆلگۈنچىلەرنىڭ نىقابىنى ۋاقتىدا ئېچىپ تاشلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. مەن مۇشۇ مەقسەتتە بۇ كىتابنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردۇم.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم) «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1989 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى.

پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە
ئۇرۇنۇپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا، تۈركىيە شىنجاڭغا نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى ۋە
دىنىي كىشىلەرنى ئەۋەتكەنىدى، ئۇلار پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى بولۇشىچە
تەشۋىق قىلدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، يەكەندىكى سانائەت شىركىتىدە ياقۇپبەگ
ئىسىملىك ئاتالمىش بىر مۇتەخەسسىس بولۇپ، ئۇ 1916 ـ يىلىدىن باشلاپ بىر
مەكتەپ ئېچىپ، ئۇنىڭدا پانتۈركىزمنىلا تەشۋىق قىلغان. قەشقەردىكى باۋۇدۇن
باي (چوڭ سودىگەر) تۈركىيەدىن ئەھمەت كامال ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىنى
تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئاتۇشتا بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ، پانتۈركىزم بىلەن
پانئىسلامىزمنىلا تەشۋىق قىلغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەھمەت كامال
قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىدە ئىككى يىل قاماقتا يېتىپ، 1919 ـ يىلى شاڭخەي
ئارقىلىق مەملىكىتىگە قايتۇرۇلغان. ئەمما ئۇنىڭ قەشقەردە يوشۇرۇن ئۇيۇشـ
تۇرغان پانتۈركىزم تەشكىلاتى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان.

1910 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭدىكى بەزى بۇرژۇئا ئەربابلىرىمۇ
تۈركىيەگە خېلى كۆپ ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئىلىدىن بارغانلار
ئىچىدە مەسئۇد سەبىرى (1947 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغان)،
ئابدۇرەخمان شادى، سابىت تەلئەت بار ئىدى؛ قەشقەردىن بارغانلار ئىچىدە
ئابدۇقادىر سامانى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار تۈركىيەدە پانتۈركىزمچى
تەشكىلاتلارغا قاتناشقان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغان چاغدا، ئۇلار
شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلىپ، گېرماـ
نىيەنىڭ مۇستەملىكە تارتىۋېلىشى ئۈچۈن كەتمەن چاپقان. ئۇلار: نېمىس
پادىشاھى ۋىلھېلم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئېتىـ
قادچىلىرىنى قوغدايدىغان كىشى، ئۇ تۈركىيەنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئازاد
قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ، دېگەن. ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى بۇرژۇئازىيە ۋە
ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىچىدىمۇ بىر مۇنچە كىشىلەر ئۇلارنىڭ تەسىرىگە قاتتىق
ئۇچرىغان. دەل شۇ ۋاقىتتا، گېرمانىيەنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى فېك
ھىندىيكمۇ قەشقەرگە كېلىپ بىر قۇر تەشۋىق قىلغان. مەسئۇد تۈركىيەدە دوختۇرـ
لۇقنى ئوقۇغان، شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىدا بىر دوختۇرخانا
ئاچقان، خەقنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ قويۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پانتۈرـ
كىزمنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ قايتىپ كېلىش ۋاقتىدا، يەنە بىر نەچچە تۈركنى
بىللە ئېلىپ كەلگەن، بۇ بىر نەچچە ئادەم ئىلىدا مەكتەپ ئېچىپ، «ئەجدادىمىز
تۈركدۇر، ۋەتىنىمىز تۈركىيەدۇر!» دەيدىغان بىر شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،

باللارغا پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەن.

ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭدا ئىككى خىل مەكتەپ بار ئىدى، بىرى ئۇسۇلى قەدىم دەپ ئاتىلىدىغان كونىچە دىنىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارغا ئىسلام دىنىغا دائىر كىتابلارلا، مەسىلەن، نامازنى قانداق ئوقۇش توغرىسىدىكى كىتابلارلا ئوقۇتۇلاتتى؛ يەنە بىرى ئۇسۇلى جەدىت دەپ ئاتىلىدىغان يېڭىچە مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا دىن دەرسىدىن باشقا، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، خىمىيە قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتۇلاتتى. پانئىسلامىزمچىلار ئاساسەن كونىچە مەكتەپلەردىن پايدىلىناتتى، پانتۈركىزمچىلەرنىڭ ئاساسلىق بازىسى يېڭىچە مەكتەپلەردە ئىدى. ئاخۇنلار يېڭىچە مەكتەپلەرگە پات - پات كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باراتتى. ئۆتمۈشتە شىنجاڭدىكى بارلىق مەكتەپلەردە تۈركچە شېئىر ئوقۇلاتتى.

ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ھىندىستانغا سوۋېتنىڭ تەسىرى كىرىپ قالمىسۇن دەپ، شىنجاڭدا بىر ئايرىلىق دۆلەت قۇرماقچى بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ پانئىسلامىزمدىن ۋە پانتۈركىزمدىن پايدىلاندى. ئۇ تۈركىيە ئارقىلىق، شامى دامولla (ئەرەب) ئىسىملىك بىر كىشىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىسلام جەمئىيىتى نامىلىق يوشۇرۇن تەشكىلات قۇردى. ئۇ تەشكىلاتقا قاتناشقانلار 3 مىڭدىن ئارتۇق كىشى بولۇپ، كۆپچىلىكى بۇرژۇئازلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا شامى داموللىنى شىنجاڭنىڭ دۇدۇسى ياڭ زېڭشىن تۇتۇۋېلىپ، چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئەمما شامى داموللىنىڭ تارقاتقان گەپ - سۆزلىرى شىنجاڭغا يەنىلا زىيان يەتكۈزدى. شامى داموللىنىڭ كېرىمخان ئەيسازادە ئىسىملىك بىر تالىپى شىنجاڭدا 1932 - يىلىدىن 1933 - يىلىغىچە يۈز بەرگەن توپىلاڭدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. ئىمىن بۇغرا دەيدىغان يەنە بىر پانئىسلامىزمچى 1932 - يىلى خوتەن توپىلىڭىدا بىر ئىسلام خانلىقى قۇردى ۋە ئۆزىنى خوتەن شاھى دەپ ئاتىدى، شۇنداقلا ئەمىر (پادىشاھ)[1] دەپ جاكارلىدى. 1931 - يىلى خوجانىيازنىڭ قومۇل ۋاڭ خوجىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى جىن شۇرېنغا قارشى قوزغىلىڭى كۈندىن - كۈنگە كېڭەيدى. 1933 - يىلى، جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەردى. شۇ چاغدا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن قەشقەردىكى سابىت دامولla شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، خوجانىيازنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭلۇققا سايلىدى، سابىت داموللىنىڭ ئۆزى بولسا زۇڭلى بولدى. ئۇلار يەنە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئارقىلىق،

مەھمۇت نەدىم باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە تۈرك ھەربىي مۇئەللىمنى تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قورال - ياراقلىرىنى قوبۇل قىلدى.

بۇ چاغدا ياپون جاھانگىرلىكىمۇ پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا «مۇسۇلمانلار دۆلىتى» دېگەن بىر دۆلەتنى قۇرۇپ، شىنجاڭنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن تالاشماقچى بولدى. ياپونىيە تەربىيىلىگەن ئوفتسېر ماجۇڭيىڭ 1932 - يىلى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ شىنجاڭغا كىردى. ياپون جاھانگىرلىكى شىنجاڭنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، تۈركىيىنىڭ سابىق پادىشاھىنىڭ ئىنىسى ئابدۇماخايىت ئابىتنى پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى سابىت داموللىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىلەن قارشىلاشماقچى بولدى. 1933 - يىلى «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەنلىكتىن، شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ ئورنىغا چىقتى ۋە تەرەققىپەرۋەرلىك چۈمپەردىسىگە ئورىنىۋېلىپ، شىنجاڭدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ھىمايىسىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىۋېلىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بېرىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى بىتچىت قىلدى. ماخۇسەن ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىپ خوتەنگە بېرىۋالدى. ئىمىن بۇغرانىڭ ساقتا ئىسلام خانلىقىمۇ يىمىرىلدى. شېڭ شىسەينىڭ قىسىملىرى قەشقەرگە كىرىپ، سابىت داموللىنى قولغا ئېلىپ، خوجا نىيازنى تەسلىم قىلدى. شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا «مۇسۇلمانلار دۆلىتى» قۇرۇش سۇيىقەستىمۇ بىتچىت بولدى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قوينىغا ئاتماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئارىلىق بەك يىراق بولغانلىقتىن، نائىلاج تەرەققىيپەرۋەر بولۇۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشتى. 1942 - يىلى، ئۇ ئۆزىنىڭ «تەرەققىيپەرۋەرلىك» چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى - دە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن 150 نەچچە كىشىنى پۈتۈنلەي قاماققا ئالدى، شۇنىڭدەك كېيىن، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇدىن ئىبارەت ئۈچ يولداشنى ۋە باشقا نۇرغۇن كوممۇنىستلارنى شۇنىڭدەك تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى قىردى. 1944 - يىلى، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينى چۇڭچىڭغا چاقىرتىپ، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قىلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋۇجۇڭشىننى ئەۋەتىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ پۈتۈنلەي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىمۇ پانئىسلامىزم ۋەپانتۈركىزمدىن پايدىلاندى. ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چېگرىدىكى مابۇفاڭچى جۇنجاڭ ماچېڭشياڭنىڭ خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئۈرۈمچىگە ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئەۋەتتى ھەمدە 1933 - يىلى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن پانئىسلامىزمچىلار ۋە پانتۈركىزمچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ مۇشقا سالغىلى تۇردى. مەسىلەن، مەسئۇد بىلەن ئەيسا بەگ ھىندىستان ئارقىلىق چۈگۈچەكتىن كېلىۋىدى، مەسئۇدقا دۆلەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىنى بەردى؛ ھىندىستاندا، ئافغانىستاندا قېچىپ كەتكىلى ئون يىل بولغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغراچۈگۈچەككە كېلىۋىدى، ئۇنىڭغا تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىنى بەردى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇقادىرشاماخسۇمغۇ ۋەزىپە بەردى. ئەسلىدە، جياڭ جيېشى مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەيسا بەگ قاتارلىقلارغا ئانچە ئىشەنمەيتتى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىشلىرىغا قارشى ئىكەنلىكىنى، كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى چوڭچوڭ ۋەزىپىگە قويۇش بىلەن قالماي، شىنجاڭغىمۇ ئەۋەتتى. بۇ كىشىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلىپ، ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلىرى تۆۋەندىكىچە :

1. 1946 - يىلى، مەسئۇد ئىلىغا بېرىپ، ئاتالمىش ئىلىمىي جەمئىيەت قۇرۇپ، شۇ ئىلمىي جەمئىيەت ئارقىلىق پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم تەشۋىقاتىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا، خەلققە قارشى تەشۋىقاتنى ئېلىپ بارغان.

2. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېكتۇنمۇ ئىلىغا بىر قېتىم بارغان. ئۇ ئىلىدىكى ئاق ئورۇسلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بانىدىت ئوسمانغا ياردەملەشتۈرگەن.

3. ئۈرۈمچىدىكى ئەكسىيەتچى دىنىيكىشىلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنى قوغداش جەمئىيىتى قۇرغان ھەمدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇنىڭ شۆبىلىرىنى قۇرۇپ، ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت ئېلىپ بارغان.

4. ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن تەشۋىق قىلىدىغان «ئالتاي» نەشرىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

5. مەسئۇد باشچىلىقىدا «دەرنەك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جەمئىيەت قۇرغان، ئۇلار ھەر يەكشەنبە كۈنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پانتۈركىزمنى ۋە پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلغان.

6. ياشلار ئارىسىدا پانتۈركىزمنى ۋە پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ئەيسا بەگ باشچىلىقىدا گومىنداڭنىڭ سەنمىنجۇيىچى ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىنى قۇرغان ۋە كونترول قىلغان.

7. تۈركىيىدە ئوقۇغان پانتۈركىزمچى قۇربان قوداي ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن «يالقۇن» گېزىتى چىقىرىپ، پانئىسلامىزمنى، پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلغان ھەمدە سوۋېتكە، كوممۇنىزمغا، خەلقنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىگە قارشى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

8. ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا بەگ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئېرك» گېزىتىدە: بىز مىللەتچىلەرمىز، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمىز، ۋەتىنىمىز ھەم يۇرتىمىز تۈركىستان دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر كۆپچەب تەشۋىق قىلىنغان. ئۇلار ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ كۈچىگە يۆلىنىپ، شىنجاڭدا «مۇستەقىل» «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش قەستىدە بولغان.

9. گومىنداڭنىڭ نەنجىڭدىكى ئىشپىيونلىرىنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، بەزى كىشىلەر «تىيانشان» ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇپ، مەسئۇد يازغان پانتۈركىزملىق پروگرامما خاراكتېرلىك بروشورا — «تۈرك ئۇرانى» (بىز تۈركلەرنىڭ شوئارى) دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل كىتابلارنى چىقارغان.

10. ئۈرۈمچىدە بۆلگۈنچىلىك ۋە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان «شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش ئۇيۇشمىسى» قۇرغان.

11. ئەيسا بەگ باشچىلىقىدا «تۈركىستان» ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى قۇرۇلغان، بۇ ئۆمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە خەنزۇلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرىمىز دېگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

12. مەسئۇد باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «تىل ـ يېزىق ئىسلاھاتى ھەيئىتى» شىنجاڭدىكى بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنى تۈركىيىنىڭ تىل ـ يېزىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان، ئۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت دەپ تەشۋىق قىلاتتى. مەسىلەن، شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1948 ـ يىلىدىكى 297 ـ سانىغا ئىمىن بۇغرانىڭ بىر ماقالىسى بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ بىر ئۇرۇقى، شۇنداقلا تۈركىيىلىكلەرمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئۇرۇقى » دېيىلگەن.

13. ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا بەگ بىر كۆتۈپخانا ئېچىپ، ئۇنىڭغا تۈركىيەدىن، مىسىردىن پانئىسلام ۋە پانتۈركىزم تەشۋىق قىلىنىدىغان نۇرغۇن كىتاب - ژۇرناللارنى ئەپكىلىپ قويۇپ، ياش ئەۋلادلارنى زەھەرلىگەن.

14. قازاق، قىرغىز قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەت خەلقىگە ئەكسىيەتچىل تەشۋىق قىلىپ، ھەرخىل ئاتالمىش جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ، باندىت ئوسماننىڭ ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياردەم بەرگەن.

15. ماچىڭشياڭ بىلەن ئىمىن بۇغرا، ئەيسا بەگلەر خەلق ئازادلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، 1949 - يىلى تۇدۇنخابا رايونىدا (ھازىرقى 1 - ئاۋغۇست پولات زاۋۇتى رايونىدا) يۈزدىن ئارتۇق ياشنى ھەربىي جەھەتتىن تەربىيىلىگەن ھەمدە ئۇلارنى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرماقچى بولغان.

16. ئوسمان باندىت، جانىمقان، سىدىق زالىن، ئوراز بايلارنىڭ سۈيىقەستى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئوسماننىڭ ئوغلى شىردەمەن ئىلىدىكى رەخمانوف، ئىدرىس، مالىك ھاجى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە يەنە قوتراپ ھەرىكەت قىلغان، ئۇلار بۇ ھەرىكىتىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىنىپ بولغىچە داۋاملاشتۇرغان.

يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، پانئىسلامىزمچىلار مۇ، پانتۈركىزمچىلار مۇ ئوخشاشلا ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ئۈچۈن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن غالچىلىق قىلاتتى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلات ۋە ئەكسىيەتچى شەخسلەرگە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ، ناھايىتى زور مەدەت بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئۇلارنى بەربىر بىتچىت قىلدى. شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز لازىمكى، بۇ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىلەرنىڭ زەھەرلىرىنى قىسقا ۋاقت ئىچىدە تازىلاپ بولغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرى كېلىدۇ.

(ئەسلىدە «بۇرھان شەھىدى ئاللانما ئەسەرلىرى» گە كىرگۈزۈلۈپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)

تەرجىمە قىلغۇچى : زايىت رەھىم

# نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ

گۇباۋ

ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بەزى يولداشلار كۆپ يىللاردىن بۇيان، ماڭا يۈز تۇرانە ياكى خەت ئارقىلىق، نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ دەپ سوئال قويدى. مەن بۇ يولداشلارغا ئاغزاكى ياكى خەت ئارقىلىق كۆپ قېتىم جاۋاب بەردىم. يېقىندا يەنە بىر ياش ئوقۇتقۇچى بۇ مەسىلىنى قايتا سورىدى. مەن بۇ يولداشقا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، بۇ جاۋابنى تۆۋەندىكىچە قىسقا ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقتىم.

بىرىنچى، «ئىسىم ئىگىسىدىن كېلۇر» دەيدىغان قەدىمدىن قالغان بىر پرىنسىپ بار. بۇ پرىنسىپقا ھەممە كىشى رىئايە قىلىشى كېرەك. «ئىسىم ئىگىسىدىن كېلۇر» نىڭ مەنىسى «شەيئىلەر ئەسلى ئىگىسىنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت. كۇڭزى بۇرۇنلا «نام ئىگىسىدىن كېلۇر، جۇڭگودىكى شەيئىلەرنىڭ نامى جۇڭگودىن كېلۇر» دېگەنىدى. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز كۇڭزىدىن بۇرۇنلا جۇڭگو دەپ ئاتىلاتتى. لېكىن بىز بىلەن قوشنا ئەللەرنىڭ بەزىلىرى بۇ ئىسىمنى ئىشلەتمىدى. ئېيتايلۇق: قەدىمكى غەربلىكلەر جۇڭگونى سېرىس (يىپەك ئېلى)، چىن دەپ ئاتاشتى، يېقىنقى زامانلارغىچە ئورۇسلار جۇڭگونى — خىتاي (قىتان) دەپ ئاتىدى، ياپونلار جۇڭگونى — جىنا (支那 — چىن) دەپ ئاتىدى. چەت ئەللىكلەرنىڭ قانداق ئاتىشىدىن قەتئىينەزەر، بىز جۇڭگولۇقلار ئۆز ۋەتىنىمىزنى جۇڭگو دەپ ئاتاپ كەلدۇق. ئەگەر قايسى بىر نادان جۇڭگولۇق ئورۇسلارغا، ياپونلارغا ئەگىشىپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ نامىنى خىتاي ياكى چىن دەپ ئاتىسا تولىمۇ كۈلكىلىك بولىدۇ.

قەدىمدىن بۇيان شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. غەربىي خەن سۇلالىسى شېن جۆ 2 - يىلى (مىلادىدىن ئاۋۋالقى 60 - يىلى) غەربىي رايون دۇخۇ مەھكىمىسى (قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى) قۇرۇلغاندىن بۇيان،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىدىكى بۇ بىپايان كەڭ دىيار ئۇزاقتىچە غەربىي رايون دەپ ئاتىلىپ كەلدى (تار مەنىدىكى غەربىي رايون «خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە، غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە باشقۇرغان جايلاردۇر). چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ بىر پارچە زېمىنىنىڭ ئاتىلىشىدا بىر نەچچە ئىسىم تەڭ قوللىنىلىپ كەلدى. بىر تۇرۇپ غەربىي دىيار دەپ ئاتالسا، بىر تۇرۇپ شىنجاڭ دەپ ئاتالدى. بىر تۇرۇپ غەربىي چېگرا دەپ ئاتالسا، بىر تۇرۇپ غەربىي زېمىن دەپ ئاتالدى. بۇ خىل ئاتالغۇلار ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ياكى خەت - ئالاقىلىرىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «غەربىي دىيارنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»، «غەربىي دىيارنىڭ سۇ يوللىرى ھەققىدە خاتىرە»، «غەربىي چېگرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى»، «شىنجاڭنى تونۇش»، «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»، «غەربىي زېمىن ھەققىدە شېئىرلار» دېگەندەك ئوخشاش. 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بۇ بىپايان زېمىننى بىردەك شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان بولدى ھەمدە بۇرۇن ئىشلىتىپ كەلگەن باشقا ناملار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ «چىڭ خاندانلىقى نېمە ئۈچۈن غەربىي دىيارنى شىنجاڭ دەپ ئاتىدى» دېگەن ماقالەمدە مۇنداق بىر ئابزاس سۆزنى قىلغانىدىم:

«ئېلىمىزنىڭ چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئالىمى گۇڭ زىجېن قاتارلىقلاردىن كېيىن، زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىشنى، بۇ ئارقىلىق دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، چەت ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى، بۇ توغرا تەشەببۇس ئاخىر چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. زوزۇڭتاڭ 1882 - يىلى چىڭ خاندانلىقىغا سۇنغان مەكتۇبىدا رىيات مىللەتنى قىستاپ چىقىرىپ، ئەسلى زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋالايلى، دېگەن نۇقتىئىينەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان («مەرتىۋىچى زوزۇڭتاڭ جانابلىرىنىڭ ئەسەرلىرى. تەكلىپنامىلەر»). بۇ نۇقتىئىينەزەر چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. نېمە ئۈچۈن «ئەسلى زېمىنىمىز» دېيىلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ زېمىن خەن، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدىن بۇيانلا بىزنىڭ زېمىنىمىز بولۇپ كەلگەن. نېمە ئۈچۈن «قايتۇرۇۋېلىش» دېيىلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ قولدىن كەتكەن زېمىن بولۇپ، چار روسىيە ۋە ياقۇپبەگنىڭ ئىبلىس قولىدىن قايتۇرۇۋېلىش كېرەك ئىدى. «ئەسلى زېمىنىمىز يېڭىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان»، دىن كېيىنلا ئۆلكە تەسىس قىلىنىپ، بىردەك شىنجاڭ دېگەن

نام ئىشلىتىلدى. ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن باشقا ناملار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شىنجاڭ دېگەن نامنىڭ قوللىنىلغانلىقىدا قولدىن كەتكەن زېمىننىڭ قايتۇرۇۋېلىنغانلىقىنى خاتىرىلەش مەنىسى بار؛ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىنى خاتىرىلەش مەنىسى بار؛ شۇڭلاشقا ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە شىنجاڭ دېگەن بۇ نام ناھايىتى ياخشى بىر نام. ئۇ تارىخىي خاتىرە ئەھمىيىتىگە ئىگە بىر ئابىدە» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىل 1 - سانىغا بېسىلغان).

يېقىنقى زاماندا بىر قىسىم چەت ئەللىكلەر ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىدى. بۇنى بىز قوبۇل قىلالمايمىز. «نام ئىگىسىدىن كېلۇر» دېگەن پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزنىڭ بۇ بىپايان زېمىنىنى بىز شىنجاڭ دەپلا ئاتايمىز. «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. يېقىنقىسىنى ئالغاندا، پانتۈركىزم غەربتىكى كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ يېڭى مۇستەملىكە بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل ئىدىيە. ئۇلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، تارىخنى بۇرمىلاپ، ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى تارقىتىپ، ئازدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ۋە قوراللىق تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كۆپ قېتىم ئېلىپ بارغانلىقى خەلقىمىزنىڭ ئېسىدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى.

ئىككىنچى، شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنىڭ بىر قىسمى، «غەربىي دىيار» مۇ، «شىنجاڭ» مۇ دۆلىتىمىزنىڭ مۇشۇ بىپايان زېمىنىنىڭ سىياسىي جۇغراپىيىلىك ۋە مەمۇرىي رايونلۇق نامى. بۇ نامنىڭ ئىككىلىسىنى دۆلىتىمىزنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ھۆكۈمەتلىرى ئېتىراپ قىلغان، ئىككىلىسى مۇقەددەس سىياسىي ئورۇنغا ۋە قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە. غەربىي دىيار دېگەن نامنى غەربىي خەن سۇلالىسى بېكىتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىگىچە ھەممە ھۆكۈمەتلەر شۇ بويىچە ئېتىراپ قىلغان. 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىنمۇ، شىنجاڭ دېگەن سۆز ئۆلكە ئىسمى بولۇپ كەلگەن. 1955 - يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاپتونوم رايون قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكە تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ زېمىنىنىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ئاتىلىشى بولدى ھەمدە ئاپتونوم رايون تەۋەلىكىدە بەش ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق ئالتە ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلدى. شۇنى دېيىش كېرەككى، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسەتنىڭ بىرى بولغان مىللىي ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئېلىمىز تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى. جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. شۇنىڭدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ شەرەپلىك ئەزاسى بولدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكىتىمىزنىڭ بۆلۈنمەس زېمىنىنىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق نامى. ئۇنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە قانۇنىي ئورنى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلگەن. ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ زېمىنى ھازىر يەنىلا «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتالسا، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك رېئاللىقىغا قىلچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئۈچىنچى، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇ پانتۈركىزم بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. پانتۈركىزم XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىيىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇ تۈركىيىدىكى پومېشچىك، بۇرژۇئازىيىنىڭ تۈركىيە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك دەپ ھېسابلايدىغان بىر خىل ئەكسىيەتچىل سىياسىي تەشەببۇسى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بۇنداق ئەكسىيەتچىل پانتۈركىزم غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقتە يېڭى مۇستەملىكە بەرپا قىلىشتىكى قورالى بولۇپ قالغان. غەرب مۇستەملىكىچىلىرى شىنجاڭغا قارىتا كۆپ قېتىم ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ۋە قوراللىق تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى شەرمەندىلىك بىلەن مەغلۇپ بولدى. غەرب مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ۋە قوراللىق تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا كۆپ قېتىم جاسۇس كىرگۈزدى ھەم دەرس سۆزلەش نىقابى بىلەن پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ

تارىخنى بۇرمىلاپ مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدىغان پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى. غەرب ئۇستەملىكىچىلىرى يەنە بىر ئوچۇم مىللىي مۇناپىقلارنى بېقىپ، شىنجاڭدا كۆپ قېتىم بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى پەيدا قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە نۇرغۇن ئاپەتلەرنى كەلتۈردى. پانتۈركىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بۇ بىر ئوچۇم مىللىي مۇناپىقلار، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان بىر مۇنچە بىمەنە گەپلەرنى تارقىتىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ئاغزىغا كەلگەنچە بۇرمىلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئالداشقا ئۇرۇندى. بۇلتۇر ۋاپات بولغان يولداش بۇرھان شەھىدى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان پاكىتلار ئارقىلىق «پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا روناق تېپىشى ۋە ھالاك بولۇشى» دېگەن ماقالىنى يېزىپ چىقتى. بۇ ماقالە «تارىخىي ماتېرىياللاردىن تاللانما»نىڭ 1979 - يىللىق سانىغا، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 - يىلى 8 - ئايدا نەشر قىلىنغان «بۇرھان ئەسەرلىرىدىن تاللانما»غا كىرگۈزۈلدى. بۇ ماقالىدە پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنىڭ شىنجاڭدىكى جىنايەتلىرى ئېنىق، پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ ماقالىنى ئوقۇپ چىقىشقا تېگىشلىك، بۇ يەردە بۇ توغرىلۇق كۆپ توختالمايمەن.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيىمىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيىنى ئۇزاق مۇددەت، چوڭقۇر ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى ئېڭى زور دەرىجىدە ئۆستى. پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ زەھەرلىرى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاشتى، لېكىن ئۇنىڭ زەھەرلىرىنى زادىلا قالمىدى، دېگىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى تەسىرىنى مۇبالىغە قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بەزى قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا ساقلىنىۋاتقان قالدۇق زەھەرلىرىگە سەل قاراش بولسا ئىدىيە جەھەتتىكى بىخۇتلۇقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۈچ نۇقتىدىن قارىغاندا، ھازىر «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى قوللىنىش - قوللانماسلىق ھەرگىز ئىلمىي قاراش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى جىددىي سىياسىي مەيدان مەسىلىسى، سىياسىي

(داۋامى 23 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ كىلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى ھەم بەربات بولۇشى

## — قوشۇمچە، بۆلگۈنچىلىك بايرىقى: «شەرقىي تۈركىستان» ھەققىدە

جى داچۈن

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈز بەرگەن ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو پەيدىنپەي يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرى روسىيە جاھانگىرلىكى بۆلۈۋالىدىغان ۋە تاجاۋۇز قىلىدىغان مۇھىم رايون بولۇپ قالغانىدى. ئۇ زورىۋانلىق سىياسىتىگە تايىنىپ، تەڭسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ 1 مىليون 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى. XX ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، جاھانگىرلار جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئاساسلىقى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى قۇترىتىپ، جۇڭگونىڭ چوك - چوك چېگرا رايونلىرىنى يۇتۇۋېلىش كويىدا بولدى: روسىيە چېك ھۆكۈمىتىنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىنى باستۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تاشقى موڭغۇلدىكى ئەكسىيەتچى ۋاڭ - گۈڭلارنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى؛ ياپونىيە جياڭ جيېشىنىڭ كومپارتىيىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي شىمالدا قورچاق «مانجۇرىيە دۆلىتى» قۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى؛ ئەنگلىيە شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، قەشقەردە قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى؛ ھازىر يەنە بىر ئوچۇم ئادەملەر مەملىكەت سىرتىدا قانداقتۇر «شىزاڭنى مۇستەقىل قىلىش»، «تەيۋەننى مۇستەقىل قىلىش» دەپ جار سېلىشماقتا. مانا بۇ پاكىتلار كىشىلەرگە شۇنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، جاھانگىرلار جۇڭگونى پارچىلاش، جۇڭگو زېمىنىنى بۆلۈۋېلىش خام خىيالىدىن ئىلگىرىمۇ ۋاز كەچمىگەن ھازىرمۇ ۋاز كەچمىدى

شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان، شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر، تۈركىي تىللىق

مىللەتلەر مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. جاھانگىرلار شىنجاڭنى پارچىلاش سۇيىقەستىنى پىلانلاشتا، پانئىسلامىزمدىن، پانتۈركىزمدىن پايدىلانغان، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىققان. تاكى يېقىنقى كۈنگىچە، شىنجاڭدا بەزى ئادەملەر يەنىلا دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىپ، قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش كېرەك دەپ جار سېلىۋاتىدۇ!

ئۇنداق بولسا، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم دېگەن نېمە؟ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نېمە؟ ئۇلار قانداق كېلىپ چىققان، شىنجاڭغا قانداق تارقىلىپ كىرگەن؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن بەزى چەت ئەل ئاغدۇرمىچى كۈچلىرىنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ كەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ داۋراڭ سېلىشىغا ئېرىشكەن؟ يەنە نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقى ۋە نەپرىتىگە ئۇچرىغان؟ بۇ ماقالىدە مۇشۇ جەھەتتە بىر ئاز مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكچى.

## 1. «تۈرك» تىن «تۈركىي» گىچە

تۈرك — ئېلىمىز تارىخىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بىر قەبىلە بولۇپ، «ۋېينامە»، «شىمالىي چىنامە»، «جۇنامە»، «سۇينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» لەرنىڭ ھەممىسىدە «突厥» (تۈجۆ) دەپ يېزىلغان، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي شىمالدىكى جايلار ھەققىدە قوشۇمچە ئىلاۋە» دە «途魯吉» (تۇلۇجى) دەپ يېزىلغان. تۈرك ئابىدىلىرىدە «Turk» دەپ يېزىلغان.

تۈرك (تۈجۆ) قەبىلىسىنىڭ ئانا ماكانى ئالتاي تاغلىرى بولۇپ، ئەڭ باشتا ئاۋارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، مىلادى 552 - يىلى تۈرك خانلىقىنى قۇرغان، خان ئوردىسى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ھاڭگاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىدى. خانلىقنىڭ تازا گۈللەن-

---

پوزىتسىيە مەسىلىسى. ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان بىر كىشىنىڭ سوتسىيالىستىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىشىنى تەساۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا خوجا

تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: زايىت رەھىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەن چاغدىكى زېمىن دائىرىسى شەرقتە لياۋخەي دېڭىزىغىچە، غەربتە كاسپى دېڭىز ياكى ئارال دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىغىچە يەتكەن، شىمالدا بايقال كۆلىدىن ھالقىپ كەتكەن. 582 - يىلى، شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈركتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. شەرقىي تۈركلەر ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي، چوڭ قۇملۇق (موڭغۇل دالاسى) نىڭ شىمالىدا ئىدى، كېيىن چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا يۆتكىلىپ، تاڭ خانىدانلىقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. 630 - يىلى، خۇيخې 回纥 (ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى) قاتارلىق قەبىلىلەر تەرىپىدىن ھالاك قىلىندى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ، ئىلى ۋادىسى ئارقىلىق كاسپى دېڭىز ياكى ئارال دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىنىڭ نېرىسىغىچە، جەنۇبتا خوتەنگىچە يەتكەن. ئۇلارنىڭ زۇلمى بەك ئېغىر بولغاچقا، غەربىي يۇرتتىكى قەبىلىلەرنىڭ قارشىلىقى قوزغىلىپ، بۇ قەبىلىلەر تاڭ خانىدانلىقى بىلەن بىرلىشىپ، غەربىي تۈركلەرگە بىرلىكتە زەربە بەرگەن. 657 - يىلى تاڭ خانىدانلىقى غەربىي تۈرك خانلىقىنى يوقىتىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ كونا زېمىنىدا ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى (تۇرۇشلۇق ئورنى ھازىرقى كۇچادا) ۋە بېشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى (تۇرۇشلۇق ئورنى ھازىرقى جىمساردا) تەسىس قىلغان، بۇ ئىككى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى باشقۇرغان.

شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرىنىڭ ھالاك بولۇشى قورال كۈچىگە تايىنىپ شەكىللەنگەن تۈرك قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا سەلجۇقلار بىلەن ئوسمانلىلار پۈتۈن قوۋمى بويىچە غەربكە كۆچۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ماڭغان پېتى كىچىك ئاسىياغا يېتىپ باردى، ياۋروپا تارىخىدا ئۇلار تۇران كۆچمەن چارۋىچىلار دەپ ئاتالدى. سەلجۇق تۈركلىرى مىلادى 1000 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە تەدرىجىي يوسۇندا غەربىي ئاسىيانى كونترول قىلىپ، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شەرقىي روما (رىم) ئىمپېرىيەسى يەنى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن ئۇزاققىچە ئۇرۇشۇپ، كىچىك ئاسىيانى ئىگىلىۋالدى. بۇ چاغدا ئوسمانلى تۈركلەرمۇ پەيدىنپەي غەربكە كۆچتى، XIII ئەسىردە سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنى قۇردى. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنى مەغلۇب قىلىپ، ئۇنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلدى،

ۋە بۇ پايتەختنىڭ نامىنى ئىستانبۇل دەپ ئۆزگەرتتى. XVI ئەسىر ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا (هازىرقى گرېتسىيە، بۇلغارىيە، يۇگوسلاۋىيە، رۇمىنىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، شىمالىي ئافرىقا (هازىرقى مىسىر، تىرىپولى، تۇنىس قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، غەربىي ئاسىيا (كىچىك ئاسىيا، ئەرەبىستان، مېسوپوتامىيە، پەلەستىن قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ئىگىلەپ، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنى ئاتلىغان بۈيۈك ئىمپېرىيىگە ئايلانغانىدى.

ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىمپېرىيە دائىرىسىدە زورلۇق بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، بولۇپمۇ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئوسمانلى تۈركلەردىن كۆپ تەرەققىي تاپقان شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا خەلقى ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز قارشىلىقنى قوزغاپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تېزلىكتە زاۋال تېپىشىغا سەۋەب بولدى. XVIII ئەسىردە، ياۋروپادىكى ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر «ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ مىراسلىرى» نى تالىشىش يەنى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى بۆلۈۋېلىش كويىغا چۈشكەنىدى. بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، ياۋروپانىڭ بالقان يېرىم ئارىلىدىكى بەزى مىللىي دۆلەتلەر مۇستەقىللىققا ئېرىشتى، تۈركىيەمۇ بارا - بارا يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالدى.

تۈرك خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، پارچىلىنىشى، يىمىرىلىشى ۋە سەلجۇق تۈركلىرى بىلەن ئوسمانلى تۈركلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن ئىبارەت بۇ بىر تارىخىي جەرياندىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، تۈركلەر قەدىمكى زاماندىكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ياكى ئېيتايلۇق بىر ئۇلۇستىنلا ئىبارەت ئىدى. ئىلگىرى تۈركلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولغان بىر مۇنچە قەبىلىلەر هازىرقى كۈندە ئوخشاش بولمىغان بىر مۇنچە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ، ئايرىم - ئايرىم هالدا ئوخشاش بولمىغان مەملىكەتلەرگە تەئەللۇق بولدى، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۆزى تەرەققىي قىلىپ يېقىنقى زامان مىللىتىگە ئايلىنالمىدى. بۈگۈنكى تۈركىيىلىكلەر ئۆزلىرىنى تۈرك (TurK) دەپ ئاتىغان (خەنزۇچىدە ئادەتتە تۈرك مىللىتىنى «土耳其» [تۇئېرچى] دېگەن تەرجىمە ئاهاڭ بىلەن ئىپادىلەيدۇ، «تۇئېرچى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ يېقىنقى زاماندا تۈركىي [Turkey] دېگەن سۆزدىن تەرجىمە قىلىنىپ كەلگەن، ئىنگلىزچىدە بۇ ئاتالغۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەنە شۇ تۈركچىدىكى Turk دېگەن سۆزدىن تۈرلەندۈرۈلۈپ، Turkie [تۈركىيە] دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان) دىن باشقا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغان مىللەتلەرنىلا ئومۇملاشتۇرۇپ «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق مىللەتلەردىن ئېلىمىزدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، سالار، يۇگۇ (غەربىي قىسمىدىكى) قاتارلىق مىللەتلەر بار؛ چەت ئەلدە ئەزەربەيجان، باشقىرت، ياقۇت، تۈرك قاتارلىق مىللەتلەر ۋە مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغان چېگرا ئاتلىغان مىللەتلەر بار.

## 2 . پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ كېلىپ چىقىشى

دېمىلىكتىنىك ماتېرىيالىزىمچىلار: دۇنيادىكى ھەر قانداق شەيئىنىڭ كېلىپ چىقىشى تاسادىپىي ئەمەس، دەپ قارايدۇ. پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ كېلىپ چىقىشىدىمۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بولسۇن، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئارقا كۆرۈنۈشى بار.

ئوسمان ئىمپېرىيىسى قورال ئىشلىتىپ ئىستىلا قىلىش، زورلۇق كۈچ بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئاساسىدا قۇرۇلغان، ئۇنىڭ گۈمران بولۇشىمۇ مۇقەررەر ئىدى. ستالىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «كونا تۈركىيە تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ ئارىلاشما گەۋدىسىدىن ئىبارەت ئىدى، پەقەت ئاناتولىيە (يەنى كىچىك ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاناتولىيە ئېگىزلىكى نامى بىلەن ئاتالغان — نەقىل ئالغۇچى) دىلا زىچ ئولتۇراقلاشقان تۈرك ئاھالىسى بولغان.» («لېنىن، ستالىن جۇڭگو توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى، 142 ـ بەت) ستالىن ئېيتقان بۇ كونا تۈركىيە، ئەمەلىيەتتە ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىدى. ئۇ يەنە تۈركىيىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىچىلىكىنى ئالاھىدە تەنقىد قىلىپ: ئۇ بارلىق ئاسسىمىلياتسىيىچىلىكنىڭ ئەڭ ۋەھشىيانە بىر تۈرى بولۇپ، بالقاندىكى مىللەتلەرنى نەچچە يۈز يىل دەپسەندە قىلدى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە بالقان ئەللىرىنىڭ مۇستەقىللىقىغا مەجبۇرەن يول قويۇش بىلەن تاماملاندى، دەپ قارىدى.

ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تېزلىكتە زاۋال تېپىشى ئابدۇلھەمىد II نى قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن «سۇلتان» دېگەن ئۇنۋانغا، ئىسلام دىنىنىڭ سەردارى بولۇش

سوۋېتى بىلەن «خەلىپە» دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە ئىدى. دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى كۈنسايىن تارىيىۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى مەنىۋى دۇنيا ساھەسىدە كېڭەيتىشكە يۈزلەندى. ئۇ مەملىكەت ئىچىدىكى ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ دېموكراتىك سىياسەت يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى چەكلەپ، ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، پانئىسلامىزمنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى تۈرك سۇلتانى — خەلىپىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش كويىدا بولدى. پانئىسلامىزم ئوسمان ئىمپېرىيىسى زېمىنىدا مىللىي نىزانىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياش تۈرك پارتىيىسى بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ، «قانلىق سۇلتان» ھەمىد II نىڭ ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئىمپېرىيىنى زاۋاللىق تارىخىي تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، 1912 — 1913 - يىلى ياش تۈرك پارتىيىسى پانتۈركىزمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بوسپورۇس بوغۇزىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈرك سۇلتانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش خام خىيالىدا بولدى. دېمەك ئۇلار ھەمىد II نىڭ چەندىسىگە پۈتۈنلەي ۋارىسلىق قىلدى. ئۇلار تەشەببۇس قىلغان پانتۈركىزمنىڭ ھەمىد II نىڭ پانئىسلامىزمى بىلەن ھېچقانداق ماھىيەتلىك پەرقى يوق. شۇڭا كىشىلەر ھەمىشە پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنى تەڭلا تىلغا ئالىدۇ. 1913 - يىلغا ئۇلۇ شۇپلايۇز بەرگەن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، تۈركىيە گېرمانىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى، ئۇنىڭ مەقسىتى گېرمانىيىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ پانتۈركىزمنى يولغا قويۇش ئىدى. پانتۈركىزم تەرەققىي قىلىپ، ئەشەددىي تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان شوۋىنىزم ئىدىيىسىگە ئايلاندى، تۈركىيە زېمىنىدىكى ماكېدونلار، ئەرمەنلەر، ئالبانلار ۋە ئەرەبلەرنى قىرغىن قىلدى. گېرمانىيە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولدى، تۈركىيىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى، غەربىي ئاسىيادىكى بېقىندى ئەللىرىنى ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر پۈتۈنلەي بۆلۈشۈۋالدى.

1919 - يىلى مۇستاپا كامال بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، 1923 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررىتورىيىسى دائىرىسىدە پەقەت ئاسىيانىڭ كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى ۋە بوسپورۇس بوغۇزىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ياۋروپاغا تەۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۆلۈكىلا قالدى، پايتەختىمۇ ئەنقەرەگە كۆچۈرۈلدى. تۈركىيە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى دىنىدىن خالىي قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنچە يېڭى سىياسەتنى يولغا قويدى. مۇستافا كامال ئاتا تۈرك دەپ ھۆرمەتلەندى، لېكىن ئىدىيە ـ مەدەنىيەت جەھەتتە پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم ئۈزۈل ـ كېسىل تەنقىد قىلىنمىدى ۋە ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنمىدى، ئۇنىڭ زەھىرىنى تازىلاش تېخىمۇ بولمىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم ئوسمان ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەن ئىجتىمائىي ـ تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن. ئەگەر ئۇنىڭ دەسلەپتىكى مۇددىئاسىدا مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرۇش ئامىلى بار ئىدى دېيىلگەندىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىگەن نىشانى يەنىلا ئۆز تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى مىللەتلەرنى داۋاملىق قۇل قىلىش، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى قايتا تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت كونا چۈشنى تەكرارلاش ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، پانتۈركىزمنىڭ فاشىزمنىڭ تۈركىيىچە ئۆزگەرگەن تۈرى بولۇپ شەكىللىنىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس.

يۇقىرىقىلار پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئىچكى ئارقا كۆرۈنۈش. ئۇنىڭ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشىگە كەلسەك، يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن پانئامېرىكانىزم، پانئىرانىزم، پان گېرمانىزم، پانئەرەبىزم، پانسلاۋىيانىزم، پانئىسكاندىناۋىيىزم ۋە رۇس شوۋىنىزمى قاتارلىق ئىدىيىلەر پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ شەكىللىنىشىگە، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە ئەۋج ئېلىشىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن.

پانئامېرىكانىزم XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭ شوئارى: «ئامېرىكا قىتئەسى ئامېرىكا قىتئەسىدىكىلەرنىڭ ئامېرىكا قىتئەسى» دېگەن شوئار بولۇپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكىلەر مۇشۇ شوئار ئارقىلىق، ئىنگلىيىدىكى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىدىن بولغان ئىسپانىيە، پورتۇگالىيىلەرنىڭ قۇل قىلىشىغا قارشى تۇرغان. لېكىن ئامېرىكا بۇ شوئاردىن تېزلا پايدىلىنىپ، ئۇنى لاتىن ئامېرىكىسىغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى قورال قىلىۋېلىپ، ئامېرىكا خوجايىنلىقىدىكى ئاتالمىش «پانامېرىكا سىستېمىسى» نى ئورناتماقچى بولغان، ئەمەلىيەتتە ئۇ «ئامېرىكا قىتئەسى ئامېرىكانلارنىڭ ئامېرىكا قىتئەسى» دېگەن شوئارغا ئايلىنىپ قالغان.

پانسلاۋىيانىزم XIX ئەسىردە ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسى زېمىنىدىكى سلاۋىيانلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، سلاۋىيانلارنى ئىتتىپاقلىشىپ يات مىللەتنىڭ، يەنى ئوسمان ئىمپېرىيىسى تۈركلىرىنىڭ قۇل

قىلمىشىغا قارشى تۇرۇشقا، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاۋستىرىيە ئىنقىلابىغىمۇ قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان. كېيىنكى چاغلاردا پانسلاۋيانىزمدىن روسسىيە پايدىلاندى، چۈنكى رۇس تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى سلاۋيان تىلى گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي سلاۋيان تىلى تارمىقىغا تەئەللۇق بولغانلىقتىن، روسسىيە ئۆزىنى ياۋروپانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىدىكى سلاۋيانلارنىڭ نىجاتكارى ۋە ھىمايىچىسى ئورنىغا قويۇپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى سلاۋيانلارنى «ئازاد قىلىش» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىققان ۋە ئۇنى ياۋروپاغا خوجا بولۇش قورالى قىلىۋالغان. ئۇ روسسىيىنىڭ ئۆز زېمىنىدىن باشقا يەنە ئېرژېبېرگى، كارپاتىئان تاغ تىزمىلىرىدىن قارا دېڭىز، ئائېگېئان دېڭىزى ۋە ئادرىئاتىك دېڭىزىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك سلاۋيان ئىمپېرىيىسى قۇرۇش خام خىيالىدا بولغان. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «پانسلاۋيانىزم — ئەسلى مەۋجۇت بولمىغان سلاۋيان مىللىتىدىن ئىبارەت بۇ نىقاب ئاستىدا دۇنيا زومىگەرلىكىنى ئالىشىدىغان ئالدامچىلىق پىلانى، ئۇ بىزنىڭ ھەم روسىيىلىكلەرنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز.» («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 35 - توم، 263 - بەت، — تەكىتلەش بەلگىسىنى نەقىل ئالغۇچى قوشقان) ئېنگېلس يەنە پانسلاۋيانىزمنى كۆپ قېتىم تەنقىدلەپ، ئۇنى خام خىيالدىن ياكى رۇسلارنىڭ قامچىسىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قارشى يەنى ئاۋستىرىيە ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن فېئودال ھۆكۈمران سىنىپ ۋە جاھانگىرلار دەرھال پايدىلانغان. لېنىن پانئىسلامىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇ «ياۋروپا - ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرىدىغان ئازادلىق ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قاغان، پومېشچىك، موللىلىرىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇنىدۇ» دەپ قارىغان («لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 31 - توم، 129 - بەت). پانتۈركىزم ئۈستىدە، ئېنگېلسنىڭ پانسلاۋيانىزم توغرىسىدىكى پاش قىلىشى ۋە تەنقىدى بويىچە بىز مۇنداق تەھلىل قىلساق تامامەن بولىدۇ: پانتۈركىزم — ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن مەۋجۇت بولمىغان تۈرك (突厥) مىللىتىدىن ئىبارەت بۇ نىقاب ئاستىدا، جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى قۇل قىلىش ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ۋە جۇڭگونىڭ پۈتۈنلۈكىنى پارچىلاشتىكى ئالدامچىلىق پىلانىدۇر.

## 3. تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان

جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونىڭ پۈتۈنلۈكىنى پارچىلاشتا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ۋەيۋەسىسى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ «مۇستەقىللىقى» ئۈستىدە داۋراڭ سېلىشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولسا، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بۇ نام قانداق كېلىپ چىققان؟

«تۈركىستان» تۈركلەر (突厥人) ماكانلىشىپ ياشىغان جاي بولۇپ، مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شەكىللەنگەن. بۇ نام پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى كىچىك بىر پارچە جاينىلا كۆرسەتتى. XII ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ نام ماۋرا ئۇننەھر (سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقى) نىڭ زور قىسىم رايونلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

ھازىرقى كۈندە، خەرىتىدە «تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى جاي بار: بىرى، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىر رايون تۈركىستان دەپ ئاتىلىدۇ، يەنە بىرى ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان رېسپۇبلىكىسىدىكى سىر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى بىر كىچىك بازار. XVI ئەسىردىن XVIII ئەسىرگىچە تۈركىستان شەھىرى قازاق خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان. بۇ ئىككى جايدىكى «تۈركىستان» نىڭ ھېچقايسى شەرقىي مېرىدىئان 17 گىرادۇستىن ئېشىپ كەتمىگەن، جۇڭگو چېگرىسىدىن خېلى يىراقتا، بۇ شۇ چاغدىكى گېئوگرافلار ئاتىغان «تۈركىستان» نىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

كېيىنكى چاغلاردا تۈركىستان دېگەن بۇ نامنىڭ كۆرسىتىدىغان دائىرىسى بارغانسېرى چوڭايدى، ئۇنىڭ ئۇقۇمى تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارغا كېڭەيدى، ھەتتا بۇنىڭ بىلەنمۇ توختاپ قالمىدى. XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىمالىي تۈركىستان ۋە جەنۇبىي تۈركىستان دەپ ئايرىلدى، شىمالىي تۈركىستان سىبىرىيە بىلەن يىراق شەرقنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، بۇ تارىختىكى تۈرك خانلىقىغا تەۋە جايلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بىراق بۇ يەرلەردە تۇڭگۇس تىلى گۇرۇپپىسى بىلەن موڭغۇل تىلى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ نۇرغۇن ئاھالە ئولتۇراقلاشقان. جەنۇبىي تۈركىستان تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىن ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغىچە بولغان جايلارنى كۆرسىتەتتى، بۇ دائىرە ئاساسەن شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ يەردە ئاساسلىقى تۈركىي تىللىق

ئاھالە ئولتۇراقلاشقان، لېكىن ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ ئىران تىلى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ ئاھالىلەرمۇ بـار ئىدى. شىمالىي تـۈركىستان دېگەن بۇ نامنى كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەر بارا - بارا قوللانمايدىغان بولدى.

XVIII ئەسىردىن XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، روسىيە ۋە ياۋروپادىكى بىر مۇنچە يازغۇچىلار «تۈركىستان» دېگەن بۇ نامنى ئىلگىرىكى «جەنۇبىي تۈركىستان»غا قارىتىپ قوللىنىدىغان بولدى. ئاساسەن پامىر ئېگىزلىكىنى چېگرا قىلغان ھالدا، «غەربىي تۈركىستان» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» دەپ پەرقلەندۈردى.

1827 - يىلى روسىيىلىك تىمكوۋسكى (Timkovsky) تۇنجى بولۇپ «جۇڭگو تۈركىستانى» دېگەن نامنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن، روسىيىلىك بىچۇرىن (Bichurin) ماقالە يېزىپ، بۇنداق يەكگۇشلەشكە قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن «غەرقىي تۈركىستان» ۋە «جۇڭگو تۈركىستانى» دېگەن بۇ ئىككى نامنى ياۋروپالىقلار دائىم قوللىنىپ كەلدى، بۇ نام بەزىدە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى، بەزىدە پۈتۈن شىنجاڭنى كۆرسەتتى. ياپونلار «غەربىي يۇرت» دېگەن سۆزنى چىنى تۈركىستان (chineseTurkestan) دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئىزاھلاپ غەربىي يۇرتنىڭ زېمىن تەۋەلىكىنى ئىپادىلەشنى ياقتۇرىدۇ، بۇنى ئەيىپلەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر «نامى ئىگىسى بىلەن بولسۇن» دېگەن پرىنسىپ بويىچە بولغاندا، خەنزۇچە تەرجىمە نامى قوللىنىلسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

جۇڭگودا، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا نىسبەتەن تارىختا ئوخشاش بولمىغان ئاتاشلار بولغان، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى «ئالتە شەھەر» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بار، سەھىپە چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنى كونكرېت تونۇشتۇرمايمىز.

«غەربىي تۈركىستان» دېگەن نامغا كەلسەك، روسىيە كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خېۋە، بۇخارا ۋە قوقەندىن ئىبارەت ئۈچ خانلىقنى يۇتۇۋالدى، 1867 - يىلى تاشكەنتتە تۈركىستان گوبېرناتورى (باش ۋالىيسى) تەسىس قىلدى، ئادەتتە بۇ كەڭ دائىرىلىك رايون «تۈركىستان» ياكى «روسىيىگە تەۋە تۈركىستان» (RussianTurkesfan) دەپ ئاتالدى. «Turkestan» دېگەن سۆزنى خەنزۇچىدە كۆپىنچە «土耳其斯坦» (تۈرچىستەن) دەپ تەرجىمە قىلىشىمىز مۇشۇ مەنبەدىن باشلانغان بولسا كېرەك. بۇنداق يېزىش توغرا ئەمەس، شۇڭا بەزىلەر «土耳其斯坦» (تۈرچىستان) دېگەن سۆزدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

《突厥斯坦》(تۈركىستان) دەپ يېزىشنى ئىجاد قىلغان. ئەمەلىيەتتە، مەيلى تارىختىن ئالايلۇق ياكى چەت ئەل ئاتالغۇلىرىدىن ئالايلۇق، ئۇنى يەنىلا «土尔克斯坦» (تۇجۈستان) دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك (ئۇيغۇرچىدە بۇ مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، ھەممىسىلا ئۆز تىلىمىز بويىچە «تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدۇ ـ تەرجىماندىن).

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئەسلىدىكى تۈركىستان دېگەن جايدا تۈركىستان، بۇخارا ۋە خارەزمدىن ئىبارەت ئۈچ سوۋېت رېسپۇبلىكىسى قۇرۇلغانىدى. 1924 ـ يىلدىن كېيىن، ئۇنى تۈركمەن (خەنزۇچىدە بۇرۇن «土尔克明» [تۇركېمىڭ] دەپ تەرجىمە قىلىنغان، ھازىر «土克曼» [تۇكېمەن] دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ، تۈركمەنلەر ياۋروپا ئىرقى بىلەن ئاسىيا ئىرقىنىڭ ئارىلاشما نەسلى، تۈركلەر [突厥 تۇجۆلەر] تۈركمەن مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان)، ئۆزبېك، تاجىك، قىرغىز، قازاقتىن ئىبارەت بەش رېسپۇبلىكا قىلىپ تەڭشىدى. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن قازاقىستاننى تەڭ ئاتايدۇ، بىز ئادەتتە «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش رېسپۇبلىكا» دەپ ئاتايمىز. لېكىن غەرب يازما ماتېرىياللىرىدا يەنىلا «تۈركىستان»، «روسىيە تەۋەلىكىدىكى تۈركىستان» ياكى «روسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن ئاتاشلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، يەر نامى يەر نامىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ، لېكىن ئۇ جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، ئاغدۇرمىچىلىقى ۋە پارچىلاش سۇيىقەستى بىلەن بىرلىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشى ۋە بەزى زىيالىيلارنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇشى تەخمىنەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـــ 30 ـ يىللىرىدىن باشلانغان. كىشىنى بىئارام قىلىدىغىنى شۇكى، ئۇ دەسلەۋىدىلا ئەكسىيەتچىل پانتۈركىزم بىلەن بىللە شىنجاڭغا سىڭىپ كىرگەن ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى ئاغدۇرمىچى كۈچلەر بىلەن، مەملىكەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

## 4. پانئىسلامىزمچىلار بىلەن پانتۈركىزمچىلەرنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بەربات بولۇشى

### 1 شىنجاڭدا پانئىسلامىزمچىلار بىلەن پانتۈركىزمچىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خۇسۇسىي مەكتەپلەر كۆپلەپ ئېچىلغان. ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن، جەنۇبىي

شىنجاڭدىكى بەزى دىنىي مەكتەپلەردىمۇ پەننىي بىلىملەردىن دەرس ئۆتۈش باشلانغان. دىنىي مەكتەپلەردە پەننىي بىلىملەردىن دەرس ئۆتكۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۈركىيىلىكلەر، بەزىلىرى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەن يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغانلار، بەزىلىرى نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئادەملەر يا ئاشكارا، يا پوشۇرۇن ھالدا پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىلىرىنى تارقاتتى. 1908-يىلى، بايلىق موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە» نى تۈزەتكەندە، كىتابنىڭ نامىنى «تارىخى ھەمىدى» دەپ ئۆزگەرتكەن ھەمدە كىتابنىڭ كىرىش قىسمىدا: «مەنمۇ بۇ دەۋرىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تايانچىسى ۋە ھىمايىچىسى بولغان ئۇلۇغ ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ خەلىپىسى، سۇلتان بىننى سۇلتان ۋە ئۇلۇغ ھەرەمەيىننىڭ خادىمى ئابدۇل ھەمىدخان بىننى ئابدۇل مەجىتخان نامىغا بېغىشلاپ «تارىخى ھەمىدى» دەپ ئات قويدۇم». دېگەن (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرى، 39-بەت-ت). مانا بۇ، پانئىسلامىزمنىڭ شىنجاڭدا مەلۇم تەسىرى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

چەت ئەللەرگە چىقىپ سودىگەرچىلىك قىلغان، ھەج قىلغان، ئوقۇغان ئادەملەرنىڭمۇ بەزىلىرى پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئاز ساندىكى كىشىلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئېتىقادى قىلىۋالغان، ھەتتا جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە سېتىلىشتىن باش تارتماي، جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى گۇماشتىسىغا ئايلىنىپ، دۆلىتىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى پارچىلىغۇچى جىنايەتكار بولۇپ قالغان. شىنجاڭدىكى پانئىسلامىزمچىلار ۋە پانتۈركىزمچىلارنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى تۆۋەندىكى كىشىلەردۇر:

مەسئۇد، غۇلجىلىق. ئۇ ياش ۋاقتىدا تۈركىيىگە بېرىپ ئوقۇغان، تۈركىيەنىڭ سىياسىي ئەربابلىرى بىلەن ئالاقىلاشقان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياش تۈرك پارتىيىسى گېرمانىيىنى ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلىپ، ھەر قايسى جايلاردا پانتۈركىزمنى تارقاتقانىدى. بۇ چاغدا مەسئۇدمۇ 1915-يىلى ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، ئىلىدا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەزى تۈركلەردىن پايدىلىنىپ مەكتەپ ئاچقان، شۇ ئارقىلىق پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىلىرىنى تارقاتقان.

سابىت داموللا، ئاتۇشلۇق. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۇ يەرلەردە پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ھىندىستان ئاخبارات ئورگىنى بىلەن ئۇچراشقان.

مۇھەممەت ئىمىن، خوتەن قارىقاشلىق، م. ئى بۇغرا ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلىمغا بارغان. ئۇ ئىسلام دىنىغا بولغان ئەسەبىي ئېتىقادىدىن ئىلگىرىلەپ، تېزلا پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلغان.

ئەيسا، يېڭىسارلىق. كىچىك چېغىدا خەنزۇچىنى ئۆگەنگەن، ئاھىيىلىك ھۆكۈمەتتە تەرجىمان بولغان، كېيىن جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا تەرجىمان قوشۇمچە كاتىپ بولغان. شۇچاغدا ئۆزبېكلەردىن پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلغان.

بۇ ئادەملەر بىر گۇرۇھ بولۇپ شەكىللىنىپ، «شەرقىي تۈركىستان» نى «مۇستەقىل» قىلىش توغرىسىدا جار سېلىشقان. ئۇ چاغدا جاھانگىرلار ئۆزىنىڭ ئاساسىي دىققىتىنى ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىگە تاقابىل تۇرۇشقا قارىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پانئىسلامىزمچى ۋە پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلارنى سوۋېت ھاكىمىيىتىگە، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىش بىلەن بەنت بولۇۋاتقان بولغاچقا، شىنجاڭغا قول سېلىشقا تېخى ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. ئۇلار (يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئادەملەر) تېخى بىرلىشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كىچىك بولمىغان بىر قىسىم بۆلگۈنچى كۈچ شەكىللىنىپ چىققانىدى.

ياڭ زېڭشىن دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭمۇ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، تۈركىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلەن دىنىي تارقاتقۇچى مولللارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى، 1927 - يىلى يەنە مەسئۇدنى، قولغا ئېلىپ، كېيىن ئۇنىمۇ شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقاردى. ياڭ زېڭشىن بولسا فېئودال ھۆكۈمران ئىدى، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشتە، ئۇ دۆلەتكە ۋە مىللەتكە پايدىلىق بىر ئىشنى قىلدى.

### 2) قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قەيەردىن چىقىشى ۋە بەربات بولۇشى

1931 - يىلى، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىمىزنى بېسىۋېلىپ، قورچاق «مانجۇرىيە دۆلىتى» نى قۇردى. شۇ يىلى، شىنجاڭدىمۇ جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ

قول ئاستىدىكى خوجا نىياز قاتارلىق كىشىلەر قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، گەنسۇدىكى ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنى شىنجاڭغا باشلاپ كىرگەنلىكتىن، شىنجاڭنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كەتتى. شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىق جاھانگىرلارنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىنى پىلانلىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى.

قۇمۇلدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى دەرھال ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن سابىت داموللىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. 1931 - يىلى، سابىت داموللا چەتئەلدىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، مۇھەممەد ئىمىن، خوجا نىيازلار بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەردە قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇردى، «يېڭى ھايات» ۋە «مۇستەقىللىق» دېگەن ناملاردا گېزىت - ژۇرنال نەشر قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۆلگۈنچىلىك تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ياۋروپادىكى «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلى ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلىپ باستى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ يىراقتىن تۇرۇپ ماسلىشىشىدىن قارىغاندا، جاھانگىرلارنىڭ بۇ ۋەقەدە ئوينىغان رولىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ يەردە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام ئەمدى جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇ بولماستىن، بۆلگۈنچىلىك ۋېۋىسكىسى بولۇپ قالدى.

شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىق ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى قۇترىتىشى، تەبىئىيكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاتتىق دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، جاھانگىرلار ئوتتۇرا ئاسىيا پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى تارقىتىپ، «مۇشاۋات»، «باسمىچى» قاتارلىق سىياسىي باندىتلارنى قوللاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر نەچچە سوۋېت رېسپۇبلىكىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنغانىدى. 1921 - يىلى، روسىيە كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) نىڭ 10 - قۇرۇلتىيىدا مىللىي مەسىلە توغرىسىدا قارار چىقىرىلىپ، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى تارقىتىش قاتتىق مەنئى قىلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقى خوجانىيازنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەنلىكى ۋە سابىت داموللا بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى، ماجۇڭيىڭنىڭ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى دەپ جاكارلانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى، شېڭ شىسەي بولسا جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي تەيىنلەنگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ جاھانگىر-

لىكىگە قارشى تۇرىدىغان قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئۈرۈمچىنى قورشىۋالغان ماجۇڭيىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتتى. ماجۇڭيىڭ تەڭ كېلەلمەي جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىندى.

1934 - يىلى 2 - ئايدا، ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىن يۈرگەن قىسمى قەشقەرگە يېتىپ باردى، قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى يەرلىك خەلقنىڭ ماسلىشىشى بىلەن تېزلا گۇمران قىلدى، قورچاق جۇمھۇرىيەتنىڭ غول ئۇنسۇرلىرى تەرەپ - تەرەپكە قاچتى، قورچاق زۇڭتۇڭ خوجانىياز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا (خوجا نىياز دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراق سېتىۋالغان)، قورچاق زۇڭلى سابىت داموللىنى تۇتۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەردى، ئۆزى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇ ئىشنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا قېچىپ كېتىپ تۇتۇلمىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ماخۇسەن خوتەنگە بېرىپ شاھ مەنسۇر قۇرغان قورچاق خوتەن «ئىسلام خانلىقى» نى يوقاتتى. 1937 - يىلى، خوجا نىيازنىڭ قول ئاستىدىكى مامۇت بىلەن ماخۇسەن يەنە ئەنگلىيە، ياپونىيە جاھانگىر تاجاۋۇزچى - ئاغدۇرمىچى كۈچلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توپىلاڭ كۆتۈردى، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئەسكەر چىقىرىپ بۇ قېتىمقى بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا ياردەملەشتى. سوۋېت قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەنگلىيىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى باستۇرۇشتا خېلى قاتتىق بولدى، شۇ قاتاردا بىر مۇنچە گۇناھسىز كىشىلەرگىمۇ زىيان - زەخمەت يەتتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە سوۋېت كومپارتىيىسى كىشىلىرىنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە جاھانگىرلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى تازىلاشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ، بۆلگۈنچىلىككە قارىتا بېرىلگەن بىر قېتىملىق قاتتىق زەربە بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ.

### 3. پانئىسلامىزمچىلار بىلەن پانتۈركىزمچىلەرنىڭ ئامېرىكىغا ۋە جىياڭ جېيشىگە تايىنىشى

مۇھەممەد ئىمىن شىنجاڭدا تۇرالماي، چەت ئەلگە قېچىپ بېرىپ، جاھانگىرلار باقىدىغان قاچاق تەشۋىقات ئەترىتىگە كىرىۋالدى.

ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، جاھانگىرلار بىر تۈركۈم قاچاق پانئىسلامىزمچىلار بىلەن پانتۈركىزملەرنى، مەسىلەن تۈركىيىلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن قېچىپ كەتكەن كوممۇنىزمغا قارشى ئۇنسۇرلارنى يىغىپ، مەخسۇس ئەكسىيەتچىل تەشەببۇسلارنى تەرغىپ قىلىدىغان گېزىت - ژۇرناللارنى نەشر قىلغانىدى. مەسىلەن ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە تاتار يېزىقىدا چىقىرىلىدىغان «يېڭى ياپونىيە خەۋىرى»، فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە ئۆزبېك يېزىقىدا چىقىرىلىدىغان «ياش تۈركىستان»، گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدە تاتار يېزىقىدا «مىللەتنىڭ يېڭى يولى» دېگەن ژۇرناللار بار ئىدى. بۇ ئەكسىيەتچىل ژۇرناللار تۈرلۈك مەخپىي يوللار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا ۋە شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەنىدى. بۇ ژۇرناللارنىڭ ھەممىسى ئەرەبچە ھەرپ بىلەن بېسىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ژۇرناللارنىڭ تىلى تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوخشاش تىل گۇرۇپپىسىدىكى مىللەت خەلقى ئۇنى ئاساسەن ئوقۇيالايتتى. دېمەك، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم جاھانگىرلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلاش، جۇڭگونى بۆلۈپ تاشلاشتىكى ئىدىيىۋى قورالى بولۇپ قالغان.

مۇھەممەد ئىمىن ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە بېرىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى نەشر قىلدۇردى. ئۇ كىتابىدا: «شەرقىي تۈركىستان» ئون مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، ئۇيغۇرلار بۇ يەردىكى ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان مىللەت، باشقىلارنىڭ ھەممىسى كۆچۈپ كەلگەن مىللەتلەر; ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان مىللەتتە دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولىدۇ، كۆچۈپ كەلگەن مىللەتلەردە دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولمايدۇ، دەپ جۆيلىگەن. مۇھەممەد ئىمىن «مۇستەقىللىق» قا قۇترىتىش ئۈچۈن، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپلا قالماي، باشقا مىللەتلەرگە، جۈملىدىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگىمۇ قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ بۇ ساختا تارىخ كىتابى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىيالى بولۇپ قالغان.

ئەيسا تاشكەنتتىكى خىزمەت مۇددىتى توشۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، نەنجىڭغا كەتكەن. 1937 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتىكى بەزى دۆلەت-

لەرنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ئەيسا بۇ زىيارەت پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپتىن چەت ئەللەردىكى پانئىسلامىزمچى ۋە پانتۈركىزمچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىنلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلىشىپ، ئۇلارنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلغان. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئادەملەرنى بېقىپ، شىنجاڭدىكى شېڭ شىسەينى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بەزى مەنسەپ ـ ئۇنۋانلارنى بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ گېزىت ـ ژۇرنال چىقىرىشىغا رۇخسەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، «چىنى تۈركىستان ئاۋازى»، «يۇرت» دېگەنگە ئوخشاش ژۇرناللار ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنغان. مەسئۇد قاتارلىقلار «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى «چىنى تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتسە، جياڭ جيېشىنىڭ ئاسانراق قوبۇل قىلىشىنىمۇ بىلگەن. ئۇلار ۋېۋىسكىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، مەزمۇننى ئۆزگەرتمەي، ئۆزلىرىنىڭ پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزملىرىنى بۇرۇنقىدەكلا تەرغىپ قىلىۋەرگەن، ئۇنىڭ ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى ۋالاقلاشلار ھەمدە شېڭ شىسەيگە قارشى تىللاشلارمۇ قىستۇرۇلغان، ئەلۋەتتە.

40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، خەلقئارا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە، شېڭ شىسەي بۇ پەيتنى تاللاپ بىر بۇرۇلۇپلا جياڭ جيېشىگە بېقىندى. ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچى جياڭ جيېشىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كىرىپ كەلدى. مەسئۇد قاتارلىقلارمۇ گېدەيگەن ھالدا يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ مۇھىم خىزمەتلەرگە تەيىنلەندى. 1946 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى تۈزۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، مەسئۇد باش تەپتىش بولدى، مۇھەممەد ئىمىن تەمرات نازىرى بولدى، ئەيسا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولدى، كېيىنكى يىلى، مەسئۇد ئۆلكىنىڭ رەئىسى، ئەيسا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى بولدى.

بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭدا پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم راسا غالجىرلاشقانىدى، ئۇلار «چىنى تۈركىستان» دېگەن ۋېۋىسكىنى داۋاملىق كۆتۈرۈۋېلىپ، كۆرۈنۈشتە ئىلىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» بىلەن قارشىلاشقاندەك قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سودىلىشىپ، «يۇكسەك مۇختارىيەت» يەنى «مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن، مۇختارىيەتتىن يۇقىرى» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئەمەلىيەتتە

ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە تايىنىپ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى، پەقەت پۇرسەت يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئائىلاج تۆۋەنرەك تەلەپ قويغانىدى، خالاس.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار جامائەتچىلىك ـ تەشۋىقات قوراللىرىنى ئىگىلەپ، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى ئاپ ـ ئاشكارا تەشۋىق قىلىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللارنى شىنجاڭدا كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا چىقاردى. مۇھەممەد ئىمىن بىلەن ئەيسا بىرلىكتە چىقارغان «چىنى تۈركىستان ئاۋازى» چۇڭچىڭغا كۆچۈرۈلۈپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى «ئالتاي ئايلىق ژۇرنىلى» دەپ ئۆزگەرتىلگەنىدى. ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كەلگەندە شۇ نام بىلەن نەشر قىلىندى. ئۇلار يەنە «ئەرك گېزىتى» دېگەن نامدا گېزىت چىقاردى، مەسئۇد تەرەپدارلىرىدىن بولغان قۇربان قوداي «تاڭ نۇرى» دېگەن نامدا گېزىت چىقاردى. 1946 ـ يىلى، پولات قادىر يازغان «ئۆلكە تارىخى» مۇھەممەد ئىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» بىلەن تومۇرداش ھەم ئۇنىڭ داۋامى ئىدى. كېيىن «ئالتاي نەشرىياتى» (ئالتاي ئايلىق ژۇرنىلىنى چىقىرىدىغان نەشرىيات) مەسئۇدنى پەخرىي رەئىسلىككە تەكلىپ قىلدى، بۇ مەسئۇدنىڭ مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن ئاشكارا بىر ئېقىمغا قوشۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، مەسئۇد ئۆزىنىڭ ئورۇن ـ مەرتىۋىسىنىڭ ئوخشاشمىسلىقى سەۋەبىدىن بىر ئاز ئېھتىيات قىلاتتى، 1947 ـ يىلى، ئالتاي نەشرىياتى يەنە تارىخ ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، ئەدەبىيات ـ تىل تەتقىقات ئورنى قۇردى ھەمدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا «دەرنەك» دەپ ئاتالغان لېكسىيە ئوقۇش سورۇنى تەشكىل قىلدى، ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنى يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن كۈتەتتى، مۇكاپاتقا باھالانغانلارنى ئامېرىكىنىڭ پاركېر ماركىلىق قەلىمى، شۋېتسارىيە قول سائىتى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلايتتى، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا قىزىقتۇراتتى. ئۇلارنىڭ شوئارى: ۋەتىنىمىز تۈركىستان، مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سۆزلەر يىغىن سورۇنلىرىدا ۋە گېزىت ـ ژۇرناللاردا دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار يەنە خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئەيسانىڭ كونتروللۇقىدىكى «سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىكى شىنجاڭ شۆبىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى «شىنجاڭ ياشلار ئۆمىكى» دەپ ئۆزگەرتتى، ئاخىرىدا ئۇ گومىنداڭ تەرىپىدىن بىكار قىلىندى؛ مەركىزىي بانكا تارقاتقان «شىنجاڭغا خاس چەك» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى «چىنى تۈركىستانغا خاس چەك» دەپ ئۆزگەرتتى؛ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەغەز پۇل تارقىتىلىپ يېرىم كۈن ئۆتمەيلا، مەجبۇرىي يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈپ تاشلاندى، بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇلار ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ئارقا تىرەك قىلىۋېلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىمۇ ئانچە كۆزىگە ئىلمايدىغان بولۇپ كەتكەن.

مەسئۇدنىڭ تەختكە چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە قارىتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى بىر مۇنچە ئاڭلىق كىشىلەرمۇ قاتتىق نارازى بولغان. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان شارائىت ئاستىدا بىر قاتار كۈرەشلەرنى قىلىپ، ئاخىر مەلۇم غەلىبىگە ئېرىشكەن.

4 سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمدىن پايدىلاندى

شىڭ شىسەي جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن چاڭ جيېشىگە بېقىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئىلگىرى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ھەربىي قوشۇننى، مەسلىھەتچىلىرىنى، مۇتەخەسسىسلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى؛ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاممىنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپ، تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى ئۇلغايتتى؛ ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىشتىنمۇ باش تارتماي، مەلۇم تىزگىنلەش دائىرىسىدە، يەنى مەخسۇس شىنجاڭغا قارىتا ئاشۇنداق ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنىڭ زەھەرلىرىنى تارقىتىپ، «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ «مۇستەقىللىقى» ئۈستىدە قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز دۆلىتى ئىچىدىكى تاشكەنت، ئالمۇتا بۇ ئىككى جايدا، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «شەرق ھەقىقىتى»، «قازاق ئېلى» دېگەن نام بىلەن ئىككى خىل ژۇرنال چىقىرىپ، ئۇنى شىنجاڭدا قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېزىقتا (ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېزىق ئىسلاھاتى تاماملىنىپ، رۇس يېزىقى قوللىنىلىۋاتاتتى) نەشر قىلىپ، مەخسۇس شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلىرىغا كىرگۈزدى. ئۇ ئىشنى باشقۇرىدىغان كىشى سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزاسى بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق مەنسۇر روزىيېف ئىسىملىك ئۇيغۇر ئىدى. 30 ـ يىللاردا ئۇ كىشى شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ، بىر نەچچە يىل شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى. بۇ ژۇرناللارغا دائىم

ماقالىدە يازىلغان بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆزىدە بىر مۇنچە پانئىسلامىزم ۋە پانتۈر-
كىزم ئىدىيىلىرى بولۇپ، بۇ ئىدىيىلەر ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئۇزۇل - كېسىل
تازىلاپ چىقىرىلمىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار بىرەزچە ماركسىزم - لېنىنىزم
ئىبارىلىرىنى ئۆگىنىۋالغان بولغاچقا، ھەقىقەت ئىزدىگۈچى، ئازادلىققا تەلپۈن-
گۈچى ئۇرغۇنلىغان ياش زىيالىيلار ۋە خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئۇلارنىڭ ماقالىلىرى
ناھايىتى زور ئالدامچىلىق رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن ئالايلۇق، ئۇلار: جۇڭگو
جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىسى، شىنجاڭ بولسا جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسى دەپ
جۆيلۈپ، «شەرقىي تۈركىستان» دىكى ھەر قايسى مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى بىر-
لىشىپ، «خىتايلار» نى قوغلاپ چىقىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»
قۇرۇشقا چاقىرغان. بۇ سەپسەتىلەر لېنىننىڭ مىللىي مۇستەملىكە مەسىلىسى توغرى-
سىدىكى توغرا بايانلىرىغا تامامەن خىلاپتۇر. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى:
ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەت مەسىلىسى بار، بىرى — جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى
كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللىي مۇستەملىكە مەسىلىسى، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇ-
لى — مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش، جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇپ مۇستەقىل بولۇش؛ يەنە بىرى — كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى مىللىي مەسىلە، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى — ئېكسپىلاتاتسىيە
ۋە زۇلۇمنى يوقىتىپ، مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ
بىرلىشىش يولىغا مېڭىش. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ماڭغىنى ئەنە شۇ ئىككىنچى يول ئىدى. لېكىن جۇڭگوغا قارىتا، سوۋېت ئىتتىپاقى
دائىرىلىرى ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە - يېرىم فېئو-
داللىق جەمئىيەت خاراكتېرىنى بۇرمىلىشىغا، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ،
يەرلىك مىللەتلەرنى خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە «مۇستەقىل» بولۇشقا قۇترى-
تىشىغا يول قويدى.

«يىراقتىكى سۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمايتۇ» دېگەندەك قىلىپ، سوۋېت
ئىتتىپاقى يەنە قاچقۇن ئېلىخان تۆرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى مەسچىتلەردە مۇسۇل-
مانلارغا قارىتا خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ «مۇستەقىل بولۇش» يولىدا «غازات»
قىلىش توغرىسىدا بىۋاستە تەشۋىق قىلىشقا قويغان، ئۇ «ئۆلگەنلەر شېھىد،
قالغانلار غازى» بولىدۇ دەپ جار سېلىپ، مۇسۇلمانلارنى قولغا قورال ئېلىپ
جەڭ قىلىشقا قۇتراتقان. ئېلىخان تۆرە ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېك
بولۇپ، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزملىق ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى تارقاتقانلىقى
ئۈچۈن، 1924 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېچىپ شىنجاڭغا كېلىۋالغان. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىمۇ قولغا ئالالمىغانىكەن، ئاخىر ئۇ ئىلىغا قېچىپ بېرىپ، خەلقنى «مۇستەقىللىق»قا چاقىرىشتا ئەڭ قەتئىي ئۇنسۇر بولۇپ قالغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ رەئىسى ۋە قوراللىق قىسىملارنىڭ مارشالى بولغان. ئۇنىڭ تەسىرى شۇ يەرگىچە بېرىپ يەتكەنكى، ھەتتا مىللىي ئارمىيىنىڭ بايراقلىرىغا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا» دېگەن شوئارلارمۇ يېزىلغان.

ئەينى چاغلاردا، شىنجاڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق بولۇپ، زىيالىيلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، پرولېتارىيات سىنىپى تېخىمۇ يوق ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاشتىن ئىلگىرى رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان ئىلغار زىيالىيلاردىن ئابباسوپ قاتارلىق بىر نەچچە كىشىلا بولۇپ، ھەممىسىلا ياش ئىدى، ئەخمەتجان بولسا تېخى ئۈرۈمچىدە قاماقتا ئىدى، ئۇنىڭ ئۆز تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇشى تەس ئىدى. گەپنىڭ تۈگۈنى تېخى بۇ يەردە ئەمەس، گەپ شۇ يەردىكى، ئېلىخان تۆرىدىن ئىبارەت بۇ پانئىسلامىزمچى ئۇنسۇرنى زادى كىم مەسچىتتىن تەكلىپ قىلىپ ئەپچىققان ۋە كۆككە كۆتۈرگەن؟ شۇڭا، نۇرغۇنلىغان زىيالىيلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ئېلىخان تۆرىنىڭ پانئىسلامچىلىق «غازات» ئۇرۇشىغا ۋە بۆلگۈنچىلىكىگە نارازى بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئامالسىزلىق ھېس قىلىشقانىدى.

بىر تەرەپتىن، چېگرىنىڭ سىرتىدىن كىرگەن، بىزىچە ماركسىزم - لېنىنىزم ئىبارىلىرى قىستۇرۇلۇپ، «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ «مۇستەقىللىقى»نى تەشۋىق قىلىدىغان تەشۋىقات بۇيۇملىرى، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ياپ - يالىڭاچ پانئىسلامىزمنىڭ بىۋاسىتە قۇتراتقۇلۇقى ئاما ئىچىدە ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇنىڭ يەتكۈزگەن زىيىنى ناھايىتى زور بولدى.

5. شىنجاڭ خەلقىنىڭ پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمگە بەرگەن قايتۇرما زەربىسى

قەيەردە پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزملىق ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بولىدىكەن، شۇ يەردە ئۇنىڭغا قارشى قايتۇرما زەربە بېرىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل قىياپىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنى سېزىشى ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان كۈچلەرنىڭ توپلىنىشى ئۈچۈنمۇ بىر جەريان كېرەك. ئاخىر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ

بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ بايراق ئاستىدا، رەڭگارەڭ پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقاردى.

40 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمى پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم شىنجاڭدا راسا غالجىرلاشقان مەزگىل بولۇپ، ئىلىدا ئېلىخان تۆرە، ئۈرۈمچىدە مەسئۇد قاتارلىقلار بار ئىدى، ئىشنىڭ جىددىيلىك ۋە مۇھىملىق دەرىجىسىدىن ئالغاندا، ئاۋۋال ئېلىخان تۆرىنى بىر ياقلىق قىلىش زۆرۈر ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى يالتىدا ئۆتكۈزۈلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىدىن كېيىنكى 1945 - يىل 5 - ئايدا، ستالىن ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغان شەرت — جۇڭگو ھۆكۈمىتى، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ «ھازىرقى ھالىتى» نى ئېتىراپ قىلىش. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترۇمان (Truman) بۇنىڭغا قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى شۇنداق قىلىشقا قىستىدى، بۇ ئىش 8 - ئايدا ئىمزالانغان «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق ئىتتىپاق شەرتنامىسى» نىڭ شەرتنامىگە قوشۇمچە ئالماشتۇرۇلىدىغان ھۆججىتىدە ئوچۇق يېزىلىپ دۇنياغا ئېلان قىلىنغان. 10 - ئايدا جياڭ جيېشى رادىئودا نۇتۇق ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجوڭنىڭ ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى باشلاندى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت كۈرەش بىلەن تولغان، مىلتىق دورىسىنىڭ پۇرىقىمۇ ناھايىتى قويۇق بولغانىدى. لېكىن مۇنداق بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، مەيلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بولسۇن ياكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتتى، بۇ، سۆھبەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلىشنىڭ بىرىنچى مۇھىم شەرتى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ پانئىسلامىزمنى خەۋپلىك دەرىجىگە يەتكۈزگەن ھەم تىنچلىق سۆھبىتىگە جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان ئېلىخان تۆرىنى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېتىپ، توسالغۇ كۈچنى چىقىرىپ تاشلىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئۆزىلا ئېلىخان تۆرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك يولىدا چىڭ تۇرغانلىقىغا بېرىلگەن بىر قېتىملىق چوڭ زەربە ئىدى.

سۆھبەت نەتىجىسىدە «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» ھاسىل قىلىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، ئەخمەتجان ئۆلكىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن خېلى كۆپ كىشىلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۈچ ۋىلايەتتە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى. كېيىن، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى، بولۇپمۇ مەسئۇدنىڭ تەختكە چىقىپ ئۆلكىنىڭ رەئىسى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشقان خادىملار ئىلىغا قايتىپ كەتتى، ئەخمەتجان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ چىڭ تۇرۇشى ۋە جاڭ جىجۇڭنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1948 - يىلى مەسئۇدنى رەئىسلىكتىن قالدۇرۇپ، بۇرھان ئەپەندىنى ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. بۇ، پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە بېرىلگەن ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ زەربە بولدى. بۇرھان ئەپەندى ئۆلكىگە رەئىس بولغاندىن كېيىن، مەسئۇدنىڭ يېقىنى قۇربان قودايىنىڭ «تاڭ نۇرى» گېزىتىنى دەرھال پېچەتلىدى (كېيىن ئۇلار شەكلىنى ئۆزگەرتىپ «مەشئەل» دېگەن نام بىلەن گېزىت چىقارغان). بۇرھان ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى باشقۇرۇشى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، كېيىنكى كۈنلەردە شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بەردى.

ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەر ئىلىدا نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ۋە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار تارقاتقان پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ بۆلگۈنچىلىك زەھەرلىرىنى تازىلىدى. 1948 - يىلى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ، ئۇنى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، تەربىيىلەيدىغان بىرلىك سەپ تەشكىلاتى قىلدى، بۇ، ئىككى يىلدىن ئىلگىرى «جۇمھۇرىيەت»كە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن قوللىنىلغان يەنە بىر زور تەدبىر ئىدى. كۆرەش ئارقىلىق، ئاخىرى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام چۆرۈپ تاشلىنىپ، «شىنجاڭ» دېگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. روشەنكى، «شىنجاڭ» دېگەن نام بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام ئەمەلىيەتتە، بىرلىك بىلەن بۆلۈنۈشنىڭ سىياسىي پاسىلى بولۇپ قالدى. ئەخمەتجاننىڭ قوللانغان بۇ تەدبىرگە تولۇق باھا بېرىش كېرەك، ئەلۋەتتە، بۇ تەدبىرنى پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزملىق بۆلگۈنچىلىككە بېرىلگەن ئۈچىنچى قېتىملىق چوڭ زەربە دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ

بىلەن شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئوبدان تەييارلىق قىلىندى.

1949-يىلى 8-ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەمكارلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، موسكۋادىن غۇلجىغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇلارنى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان تېلېگرامما ئالاقىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بۇرھان ئەپەندىنىڭ قورۇسىغا چۈشۈپ، ھەقىقەتكە قايتماقچى بولۇۋاتقان ھەر تەرەپنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش شارائىتى بارا-بارا پىشىپ يەتتى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى بىر ئوچۇم جاھىل كۈچلىرى، جۈملىدىن مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار، كۈننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، خەلقنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن، چېگرىدىن چىقىپ قېچىپ كەتتى. مەسئۇد ئازادلىقتىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە ئۆلدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندە، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسىي باندىتلار بىلەن بىرلىشىپ توسقۇنلۇق قىلىشىغا ۋە ئىلىدىكى بىر ئوچۇم پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلارنىڭ توپىلاڭ قىلىشىغا دۇچ كەلدى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ياپچۇقنىڭ ھارۋىنى توسماقچى بولغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش بولۇپ، ئاقىۋەتتە ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالىغىنى يوق. جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئاخىرقى ھېسابتا غەربىي شىمال چېگرا رايوندىكى پاسكىنا-ئىپلاس نەرسىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت يېڭى دەۋرنى ئاچتى.

## 5. خاتىمە

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى 10 نەچچە يىل ئىچىدە، پانئىسلامىزمچى ۋە پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلار شىنجاڭدا بىر نەچچە قېتىم بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى قوزغاپ، ئاخىر مەغلۇپ بولدى. سابىت داموللىنىڭ قورچاق «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى قىسىم تەرىپىدىن گۇمران قىلىندى، ئېلىخان تۆرىنىڭ «جۇمھۇرىيىتى» ئەخمەتجان، ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر

تەرىپىدىن ئىچكى قىسمىدا تۈزىتىلىدى، مەسئۇد «يېرىم مۇستەملىق» بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئادەملىرىنى يوقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورنىدىن قالدۇرۇپ يەڭگۈشلىۋەتتى. دېمەك، بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، ئۇ مۇقەررەر يوسۇندا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ، پاكىت جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇنازىرىسىز ئىسپاتلىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكىدەك «500 مىليون خەلق جەم بولالمايدىغان» دەۋردىمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر نەچچە قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستلىرىنى تارمار قىلىۋەتكەنىدى، جۇڭگو قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلانغان، شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ پولاتتەك مۇستەھكەم چېگرا رايونى بولغان بۈگۈنكى كۈندە، بۆلگۈنچىلەرنىڭ تاياق - توقماق، قورال - ياراق كۆتۈرۈپ ئالا - توپىلاڭ قىلماقچى بولۇشى خۇددى «چۈمۈلىنىڭ ئۆزىنى چاغلىماي يوغان دەرەخنى لىڭشىتماقچى بولغىنىدەك كۈلكىلىك ئىش» دە!

يېقىندا، ۋاڭ ئېنماۋى، سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ شىنجاڭغا ئاساسىي خەۋپ بۆلگۈنچىلىكتىن كېلىدۇ دەپ كۆرسىتىشى ھەرگىزمۇ ۋەھىمىلىك سۆزلەر بىلەن كىشىنى چۆچۈتۈش ئەمەس. بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بىر نەچچە يەردە ئوت ئۇچقۇنلىرى يۈز بەردى، قايسى يەردىكى ئۇچقۇندىنىڭ قانچىلىك ئاپەت، قانچىلىك زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ھەر مىللەت خەلقى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى - ئاغدۇرمىچى كۈچلەرنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشىگە قارىتا سىياسىي ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك، مۇھىمى مۇنداق ئىككى چېگرىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش لازىم: خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت بىلەن دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش؛ نورمال دىنىي ئېتىقاد ۋە بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرغۇچى، چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغۇچىلارنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش لازىم. لېكىن شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ يوق. بۆلگۈنچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرغۇچىلار پەقەت بىر ئوچۇم ئادەملەر، لېكىن ئۇلار خەلقنى ئالەمنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە قارىماستىن شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغانكى، ئۇلارنى مەملىكەت سىرتىدىكى جاھانگىر دۈشمەن كۈچلەر قوللىغاندىن باشقا،

ئۇلار مەملىكەت ئىچىدىكى بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ناھايىتى ئېغىر بولغان بەزى ئادەملەردىمۇ پايدىلانغان، بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى — دەل بۆلگۈنچىلەر پايدىلىنىدىغان ئىدىيىۋى ئاساستۇر.

ھازىر دۇنيا ۋەزىيىتى داۋالغۇش ئۈستىدە تۇرماقتا، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشى بىلەن، چۆكمە داشقاللار بىر مەھەل ئۆرلەپ چىقتى، جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۆرلەپ چىققان بۇ داشقاللارنى جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچىلەردىن ئىنئام ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ھەمدە بۇ داشقاللاردىن ئۇلار پايدىلاندى. بۇنىڭغا قارىتا ھەممىمىز مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز ۋە توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا، كۆزنى ئىمىر - چىمىر قىلىدىغان ۋە ئەلپازى يامان ساختا كۆرۈنۈشلەر ئالدىدا گاڭگىراپ قالمايمىز.

ياش يولداشلارنىڭ بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتمىگەن، ئۇلار جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك خاتا ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئاشۇ بىر نەچچە پانتۈركىزمچىلەرمۇ ياش چېغىدا ئاشۇنداق ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى تارقىتىشتىمۇ مەكتەپلەر، لېكسىيە سورۇنلىرى ئارقىلىق، ئاۋۋال باشلاپ ياشلارغا قول سالغان. بىز بۆلگۈنچىلەر بىلەن بولغان ياشلارنى تالىشىش كۈرىشىنى بىر مەيدان كەسكىن سىياسىي كۈرەش ۋەزىپىسى سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئىجابىي جەھەتتىكى تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ياشلارنى ئاگاھلىق تۇردە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا يېتەكلەپ، شىنجاڭنى گۈللەنگەن، باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، بەختىيار سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ يېڭى چېگرا رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم!

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز يۈسۈپ

# مىللىي بۆلگۈنچىلىك ماركسىزملىق مىللەت قارىشىغا زىت

يـاڭ فارېن

ئاقتۇنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كىشىلەرگە قانلىق پاكىتلار ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ئۇقتۇردىكى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەقىقەتەن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ئاساسىي خەۋپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر — تارىخ ئېقىمىغا قارشى بىر گۇرۇھ ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۈچ، بىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ئۇلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى، يىغىپ ئېيتقاندا، مىللەتلەرنى پارچىلاپ، ۋەتەن-نىڭ بىرلىكىنى بۇزۇپ، خەلقنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكى-دىكى سوتسىيالىستىك دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش. ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىر خىل ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى، ئۇ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىغا زىت. تۈرلۈك مىللىي بۆلگۈنچى-لىك ھەرىكەتلىرى دەل مۇشۇنداق ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى بىلەن پەيدا بولغان. شۇڭا، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە سىياسىي جەھەتتە زەربە بېرىش بىلەن بىللە، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمىنى تەنقىد قىلىشقىمۇ ئەھ-مىيەت بېرىشىمىز ھەم بۇنداق تەنقىدنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىدىيىۋى سەپتىكى جىددىي ۋەزىپە.

(1) شىنجاڭ بىلەن ۋەتەننىڭ مۇناسىۋىتىدە، شەرقىي تۈركىستان بايرى-قىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شىنجاڭنى «مۇستەقىل» قىلىش توغرىسىدا جار سېلىپ، شىنجاڭنى ۋەتەن ئائىلىسىدىن بۆلۈپ چىقىشقا ئۇرۇنۇش مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاساسىي بەلگىسى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان، بۆلۈنۈش بىلەن بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، بۇنداق كۈرەش بەزىدە ناھايىتى كەسكىن بولدى. ھەر قېتىمقى كۈرەشنىڭ شەكلى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن كۆتۈرۈپ چىققان «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقى ئوخشاش

بولدى. كۆرەش باشتىن ئاياغ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت تۈپ مەسىلىگە مەركەزلەشتى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دۆلىتىمىزگە قاراتقان ئاغدۇرمىچىلىق، سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنىڭ جىددىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت ئىچىدىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى ئەدەپ كەتتى. ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز ئارا ماسلىشىپ، شىنجاڭنى «مۇستەقىل» قىلىش توغرىسىدا جېنىنىڭ بېرىچە جار سالدى، قانداقتۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى پىلانلىدى، ئۇلارنىڭ ياۋۇز نىيىتى ئوپئوچۇق تۇرۇپتۇ.

«شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىش، «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىمىز» دەپ جار سېلىش ئالدى بىلەن تارىخقا زىت. تارىخنى بۇرمىلاش يولى بىلەن بۆلگۈنچىلىك قىلىش بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئىزچىل ۋاسىتىسى. بۇ شىنجاڭنىڭ بىر نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى «شەرقىي تۈركىستان» تارىخى دەپ جۆيلۈش بىلەن مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيادىكى زوراۋانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىنى يولغا قويۇشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان نام. ئۆز ۋاقتىدا، غەرب مۇستەملىكىچىلىرى شىنجاڭنىڭ ئالىبۇرۇن دۆلىتىمىز زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقىغا كۆز يۇمۇپ، تىل ۋە جۇغراپىيىلىك پاسىللارنىلا ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ زەرەپشان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قىسمىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي رايوننى شىنجاڭغا ئۆزگەرتىپ، مەركىزىي ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايونلارغا بولغان بىۋاسىتە باشقۇرۇشنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئۆلكە دېگەن ئاتاقنى يولغا قويۇشىغا قارشى قويغان. چەتتىن كەلگەن «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بۇ يەر نامى باشتىنلا ئوچۇق تاجاۋۇزچىلىق غەرىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، ئېلىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى ھۆكۈمەتلىرى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەرىپىدىن ھەقلىق يوسۇندا قەتئىي رەت قىلىنىپ كەلدى. شۇنىڭدەك بۇ ئۇقۇم مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - 30- يىللىرى پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كىرگەن ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن بىرلىشىپ، بىر خىل ئىدىيىۋى سىستېمىغا ئايلانغان. «شەرقىي تۈركىستان»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭغا كىرىش بىلەنلا بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بايرىقىغا ئايلانغان. 1932 - يىلىنىڭ بېشىدا قەشقەردە ساۋۇت داموللا قۇرغان ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا گۇم بولغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بۇنىڭ دەلىلىدۇر. بۇنداق «شەرقىي تۈركىستان» ئىدىيىسى — پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆزگەرگەن تۈرى ۋە جەۋھىرى. ئۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر بىلەن باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق پەيدا قىلىدىغان، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلايدىغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» قىلىپ قويۇش مۇشۇ خىل «شەرقىي تۈركىستان» ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل تارىخ قارىشىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنى پەيدا قىلغانلار باشقا كىشى ئەمەس، 1932 - يىلى خوتەن توپىلىڭىدا ئۆزىنى «ئىسلام ئەمىرى I» دەپ جاكارلىغان مەتمىن بۇغرا دېگەن ئەشەددىي بۆلگۈنچىدۇر، ئۇنداق بىر ئوچۇم بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلاۋمەسلىكى، شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلىماسلىقى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار توقۇغان «شەرقىي تۈركىستان» تارىخىنىڭ ئەجەللىك يېرى شىنجاڭ تارىخىنىڭ خەنزۇ خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇن مۇددەت شىنجاڭنى ئاچقان ۋە قوغدىغان تارىخ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت. تارىخ تەرەققىياتىنىڭ خەنزۇ خەلقىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بولغان قويۇق ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۇزۇن مۇددەت ئىناق، دوستانە ئۆتۈش، ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىمىنى ئىنكار قىلىش، ئېلىمىزنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى ھاكىمىيەتلىرىنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ رايون (قەدىمكى ئىسمى غەربىي رايون) دائۈزۈلدۈرمەي دۆلەت مەمۇرىي ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي پاكىتىنى ئىنكار قىلىش، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى غەربىي رايون مەركىزىي خاندانلىقنىڭ تەۋەلىكىدىن ئايرىلغان ھالدا «مۇستەقىل دۆلەت» بولۇپ كەلگەنىدى دېگەن قىپقىزىل يالغان گەپنى پەيدا قىلىش، شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، تارىخنىڭ ئەينەن ئەھۋالىدىن خەۋىرى يوق كىشىلەرنى ئالداپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنى پارچىلاش سۇيىقەستىنى بازارغا سېلىش دېمەكتۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇ بۆلگۈنچىلەرنىڭ «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» داۋراڭلىرى پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق. ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ مىللىي

ھوقۇقىنى قوغداش دېگىنى يالغان، ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىنى سېتىشى راست. شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخى ئىسپاتلىدىكى، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدىكى ئىزىنى باسقان «شەرقىي تۈركىستان» ئىدىيىسى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قورالىدىنلا ئىبارەت، «شەرقىي تۈركىستان» ئىدىيىسىنى جېنىنىڭ بېرىچە تەرغىپ قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان دۆلەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر چەت ئەلدىكى خوجايىنلىرى يۆلەپ تۇرمىسا، ئۇلار بىر كۈنمۇ جان باقالمايدۇ. ئۇلارنىڭ «مۇستەقىل» بولۇش دېگىنى، ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭنى يېڭىدىن مۇستەملىكە ئورنىغا چۈشۈرۈپ، مەلۇم بىر چەت ئەلنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ۋە بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولغاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خوجايىنلىق ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولىدۇ، ھەتتا ئاچ-يالىڭاچ قالىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئۇزاق تارىخى تەرەققىياتى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ھەر قايسى مىللەتلەر بىرلىشىشى كېرەككى، ئايرىلسا بولمايدۇ؛ دۆلەتنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەككى، ھېچقانداق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىدە بولسا بولمايدۇ؛ بىرلىشىش ھەممە يەرگە پايدىلىق، ئايرىلىش ھەممە يەرگە زىيانلىق. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ۋەتەن ئائىلىسىدىكى بۇنداق قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر قانۇنىيەت، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە كۈچلۈك ئارزۇسى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشى، «شىنجاڭ مۇستەقىل» دېگەننى جېنىنىڭ بېرىچە تەرغىپ قىلىشى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇشۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە تۈپتىن خىلاپ، شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

«شىنجاڭ مۇستەقىل» دېگەن بۇنداق سەپسەتە ماركسىزملىق مىللەت قارىشىغا تۈپتىن زىت. ماركسىزم، مىللىي مەسىلە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمى، ئۇ ھامان مۇئەييەن ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىت بىلەن باغلانغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا مىللىي مەسىلىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىمۇ ئىجتىمائىي - تارىخىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ مۇناسىپ ئۆزگىرىدۇ. ئەلۋەتتە، يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە كونا جۇڭگودا مىللىي زۇلۇم مەسىلىسى ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىدى. بىر تەرەپتىن، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللىتى چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە زۇلمىغا ئۇچرىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆز ئىچىدە مىللىي زۇلۇم مەۋجۇت ئىدى. لېكىن ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنى ئەزگەن ۋە قۇل قىلغانلار پۈتكۈل خەنزۇ

مىللىتى ئەمەس، خەنزۇلار ئىچىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلار ئىدى، ئۇلار ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى خەلق ئاممىسىنى ئېزىش بىلەن بىللە، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىمۇ ئەزگەن ئىدى. بۇنداق ئىجتىمائىي ھالەت ئۆز ۋاقتىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ چوقۇم ئېلىمىز يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولىدىغانلىقىنى، كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى پۈتۈن خەنزۇ مىللىتىگە ئەمەس، پەقەت جاھانگىرلارغا، فېئودالىزمغا ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتىش ھەم ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان كۈرىشى ئارقىلىق پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقىنى، ئۇنداق قىلمىغاندا، ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بەلگىلىگەن.

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دە: «كىشىنىڭ كىشىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى يوقىتىلغان ھامان، مىللەتنىڭ مىللەتنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىمۇ شۇنىڭ بىللە بىلەن يوقىلىدۇ» ① دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇ بىزگە مىللەتلەر ئارا ئېكسپىلاتاتسىيە، دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇش - بولماسلىقىنىڭ سىنىپىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ بىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدە مىللىي مۇناسىۋەتنى كۆزىتىشتىكى ئاساسىي مەۋقەيىمىز بولۇشى كېرەك. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىمۇ تۈپتىن ئۆزگەردى. مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ھەممە مىللەت دۆلىتىمىزنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى؛ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاساسەن ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتكە ئايلاندى؛ مىللىي مەسىلە كۆپرەك ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ۋە ئالغا باستۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ قالدى. «مىللىي ئازادلىق، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش» مەسىلىسى پەقەت مەۋجۇد ئەمەس. بۇنداق سەپسەتىنى تارقىتىشتىن مەقسەت كاپىتالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلە بىلەن سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ، كىشىنى قاي-

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، 464 - بەت.

مۇقتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتۇر.

سوتسىيالىزم شارائىتىدا، «بۆلۈنمەس جۇمھۇرىيەتنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش» «بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ تۈپ نۇقتىئىينەزەرلىرىدىن بىرى. ئازادلىققا ئېرىشكەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا تايانغاندىلا ئاندىن خوجايىنلىق دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ، ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە تاجاۋۇزىنى ئۈنۈملۈك باستۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇپ، مىللىي ئىقتىساد، مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلاپ، ئورتاق گۈللىنىش ۋە ئالغا بېسىش مەقسىتىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. بولمىسا، مىللىي بۆلۈنۈش، مىللىي يېغىلىق ئىچىدە قېلىپ، مىڭ تەسلىكتە ئېرىشكەن سوتسىيالىزم نەتىجىلىرىنى پۈتۈنلەي قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ. شۇڭا، شۇنداق دېسەك لاپ بولمايدۇكى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرساق، شىنجاڭ گۈللىنىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى پارچىلانسا، شىنجاڭ گۇم بولىدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى جېنىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

(2) مىللەت مۇناسىۋىتىدە، خەنزۇلارغا قارشى كەيپىيات قوزغاپ، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىش ــ مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ يەنە بىر ئاساسىي بەلگىسى.

خەنزۇلارنى «تاجاۋۇزچى، بۇلاڭچى» دەپ قارىلاش، خەنزۇ خەلقىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىشى» نىڭ مەنبەسى دەپ جۆيلۈش مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدىغان، خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدىغان ئىنتايىن زەھەرلىك نۇقتىئىينەزىرى، ئۇنىڭ قاتتىق دەككىسىنى بەرمەي بولمايدۇ.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 141 ـ يىلى جاڭ چيەن غەربىي رايونغا ئەلچى بولۇپ چىققاندىن باشلاپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ غەربىي رايوندا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇشى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، خەنزۇ ئەسكەرلىرى ۋە خەلقى شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىللە مۇشۇ كەڭ زېمىندا ئاۋۇپ، تېرىقچىلىق قىلىپ، تاشقى جەھەتتە كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئىچكى جەھەتتە تىرىشىپ روناق تېپىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى ۋە بۈگۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆڭگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. شۇنداق تۇرسا، ئۆز تۇپرىقىدا ياشاۋاتقان خەنزۇ خەلقىنى «تاجاۋۇزچى» دېگەن قانداق گەپ؟ ئۆزىگە ئۆزى «تاجاۋۇز» قىلغان بارمۇ؟ بۇ غەلىتە لوگىكا ئەمەسمۇ؟ بولىدى دېگەندىمۇ، ئۇ تارىختا ئۆتكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ قىلغان ئىشى، بۇلانغانلار يالغۇز ئاز سانلىق مىللەتلەرلا ئەمەس، خەنزۇلار ئىچىدىكى كەڭ ئەمگەكچىلەرمۇ بار، پۈتكۈل خەنزۇلارنى «بۇلاڭچى» دەپ چەتكە قېقىشقا بولامتىمۇ؟

ئازادلىقتىن كېيىن خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭغا چىقىشى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر «ئاچ - يالىڭاچ» قالدى دېگەن گەپكە كەلسەك، بۇ تېخىمۇ ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىك. ئاز سانلىق مىللەتلەر «ئاچ - يالىڭاچ» قالغان ئىچىنىشلىق كۈنلەرنىڭ بولغىنى راست، لېكىن ئۇ سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغان بۈگۈنكى شىنجاڭدا بولغان ئەمەس، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋە باي، بەگلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئاستىدىكى كونا شىنجاڭدا بولغان ئىش. قولۇمدىكى «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا جەمئىيىتى» دېگەن تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا مۇشۇنداق ئەھۋال ناھايىتى كۆپ بايان قىلىنغان. ھەممىسى بىر مىللەت بولسىمۇ، لېكىن بايلار قورۇق ئىگىلىرى ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا غەرق بولغان، ھەتتا يېتىش - قوپۇش، غۇسۇل قىلىشقىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە يانچىلارنى ئىشلەتكەن. كەڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرى بولسا يىل بويى غوجىلارغا، بايلارغا ھەقسىز ئىشلەپ، ھەر يىلى 7 — 8 ئاي جىگدە، ئۈژمە تېرىپ يەپ كۈن كەچۈرگەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ جېنىنىمۇ ئىگە بولالمىغان. لېكىن شۇ چاغدا خەنزۇلار شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى ئىچىدە 6 - 7 پىرسەنتنىلا تەشكىل قىلاتتى، لېكىن خەنزۇلار ئاز بولسىمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر «ئاچ - يالىڭاچ»لىق تەقدىرىدىن قۇتۇلالىغان ئەمەس. دېمەك، كەمبەغەللىكنى پەيدا قىلغان تۈپ سەۋەب خەنزۇلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدە ئەمەس، خەلققە قارشى كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمدە، سىنىپىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىدە، بارلىق ئاقكۆڭۈل كىشىلەر بايلارنىڭ قاباھىتىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىمىزنىڭ سىنىپىي نۇقتىئىنەزىرىنى يوقىتىپ، بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئادەم ئازدۇرىدىغان تەشۋىقاتلىرىغا ئىشىنىپ، دوستنى يىغلىتىدىغان، دۈشمەننى كۈلدۈرىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز لازىم.

توغرا، ئازادلىقتىن بۇيان ھەققەتەن كۆپلىگەن خەنزۇ كادىرلار، زىيالىيلار ۋە ئىشچى - دېھقان ئاممىسى ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ كېلىپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن بۇ ياخشى ئىشمۇ، يامان ئىشمۇ؟ تارىخ جاۋاب بەردى، ئاز سانلىق

مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن چوڭ ياخشى ئىش، ئەلۋەتتە. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مەھسۇلاتى 1949 - يىلىدىكى 196 كىلوگرامدىن 1988 - يىلى 428 كىلوگرامغا كۆپىيىپ، بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان گەزلىمە مەھسۇلاتى 1952- يىلىدىكى بىر مېتىردىن 19 مېتىرغا يەتكەن، خىمىيىۋى تالا، يوڭ توقۇلمىلارمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىستېمال سەۋىيىسى تېخىمۇ كۆپ ئۆسكەن، 1950 - يىلىدىكى 94 يۈەندىن 1988 - يىلى 746 يۈەنگە كۆپىيىپ (شۇ يىلقى باھا بويىچە ھېسابلاندى)، يەتتە ھەسسىگە يېقىن ئاشقان. ئەمدى خەنزۇلار كۆپرەك مەركەزلەشكەن سانائەت - قاتناش سېپى بىلەن سودا سېپىنى ئالساق، 40 يىلدىن بۇيان خەنزۇلار ئون نەچچە ھەسسە كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىلەن ئىجتىمائىي پارچە سېتىشنىڭ ئومۇمىي سوممىسىمۇ نىسپىي ھالدا ئاشقان، يەنى ئالدىنقىسى 93 ھەسسە، كېيىنكىسى 42.9 ھەسسە ئاشقان. پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتكىنى يوق، بەلكى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تېخى نامرات تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل بولدى. ئومۇمىي جەھەتتىن «ئاچ - يالىڭاچ» لىق مەسىلىسى زادى مەۋجۇت ئەمەس.

ئەلۋەتتە، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان ھەر جەھەتتە قولغا كەلگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشتە، خەنزۇلار بولمىسا بولمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شىنجاڭنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان رولىنى ۋە خەنزۇ خەلقىنىڭ زور ياردىمىنى چوقۇم تولۇق ھېسابقا ئېلىش لازىم. لېكىن ھازىرقى مەسىلە شۇكى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەر خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى رولىنى جېنىنىڭ بېرىچە خۇنۇكلاشتۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا خەنزۇلارنىڭ رولى توغرىسىدا بىر نەچچە ئېغىز گەپنى ئارتۇقراق قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. لېنىن «مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تەنقىدىي پىكىرلەر» دېگەن ئەسىرىدە شىمالىي ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ بىر قەدەر ئىلغار رايون ياۋروپادىن ئاھالە كۆچۈرگەنلىكىنىڭ ۋە رۇسلارنىڭ ئۇك-

رائىناغا ئاھالە كۆچۈركەنلىكىنىڭ تارىخىي رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن،
«بۇ ئىشنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىكىدە شەك يوق»، «ئۇ كاپىتالىزمنى سوتسىيالى-
زمغا ئايلاندۇرۇشنىڭ چوڭ تۈرتكىلىرىدىن بىرى»، «ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمى-
يەتكە ئىگە»① دەپ ماختىغان. لېنىننىڭ بۇ ھۆكۈمى شۈبھىسىزلىق ئەمەس،
مىللىي مەسىلىدە دەل تارىخىي ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرغانلىقتۇر. بىزدىكى مەسى-
لىمۇ شۇنداق. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭرى، تەبىئىي بايلىقى مول، لېكىن ئىقتى-
سادلىق كىشىلەر بەك قىس، بولۇپمۇ يېڭى ئازاد بولغاندا شۇنداق ئىدى.
ھەتتا يېقىنقى زامان سانائىتى ئىشچىلىرىمۇ يوق ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا،
شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقىغىلا تايىنىپ، شىنجاڭنى بىر قەدەر
تېز سۈرئەت بىلەن ئېچىش، گۈللەندۈرۈش، كۈچلۈكرەك يېقىنقى زامان، ھازىرقى
زامان سانائىتىنىڭ ۋە ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش
تەس ئىدى. شۇڭا ئازادلىقتىن بۇيان زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ كادىرلىرى ۋە
ئاممىسىنىڭ ئۇدۇللۇق شىنجاڭغا كېلىشى ھەم شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ
ئېھتىياجى، ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى، ھەم ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئېھتىياجى، ئۇ خەنزۇ كادىرلار، زىيالىيلار ۋە ئىشچى -
دېھقان ئاممىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش يولىدىكى
كۈچلۈك ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈردى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
قېرىنداشلارچە دوستلۇقنىڭ جانلىق ئىپادىسى. بۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ دېموك-
راتىك ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇستەھكەملەش، يېقىنقى زامان، ھازىرقى
زامان سانائىتىنى قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئىلىم - پەن، مائارىپ، مەدەنى-
يەت ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈش ۋە كېڭەيتىش، بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنى كەڭ
كۆلەمدە يولغا قويۇش ۋە ئالغا سۈرۈش جەھەتلەردە يوققا چىقىرىشقا بولمايدى-
قان روللارنى ئويناپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، خەنزۇلار بىلەن ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، كۆپلى-
گەن بىر قەدەر ئىلغار پەن - تېخنىكا، ئىدىيە - مەدەنىيەت، باشقۇرۇش تەج-
رىبىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، ھەر مىللەت
ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىلىشىنى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق-
ھەمكارلىقنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، شىنجاڭنىڭ بۈيۈك ۋەتەن ئائىلىسى
بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىدى. بۇ شىنجاڭ-

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 20 — توم، 1 - 39 - بەتلەر.

دىكى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگە.

بۆلگۈنچىلەرنىڭ خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدىغان بۇنداق سەپسەتىنى پەيدا
قىلىشتىكى مەقسىتى ۋەتەن بىرلىكىنى بۇزۇپ، شىنجاڭنى بۈيۈك ۋەتەن ئائىلى-
سىدىن ئايرىپ چىقىش. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، بولۇپمۇ خەنزۇ خەلقى بىلەن
باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى شىنجاڭدا سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ
غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاچ-
قۇچى. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش كويىدىكى دۈشمەن كۈچ-
لەرنىڭ ھەممىسى تىغ ئۇچىنى مۇقەررەر خەنزۇ خەلقىگە قارىتىدۇ، تۈرلۈك
يوللار بىلەن «خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىش» قا ئۇرۇنىدۇ. بۇ
قېتىمقى بارىن ۋەقەسىدە ئۇلار تېخىمۇ توقۇمنى قارىنىغا ئېلىپ، «غازات»
بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، «كاپىرلارنى يوقىتايلى» دەپ تەلۋىلەرچە چاقىرىق
سېلىپ، قانلىق قىلىچىنى خەنزۇلارغا تەڭلىدى، ئۇلارنىڭ ۋەھشىيانە ۋاستىلىرى
كىشىنىڭ ئۇغىسىنى قايىنىتىدىغان دەرىجىگە يەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر
ئوچۇم توپىلاڭچىلار ئۆزىنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە
قېقىشتىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابىي ئەپتى - بەشىرىسىنى قىپيالىڭاچ ئېچىپ
بەردى. كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ جىددىي كۈرەش بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى،
ۋەتەننى پارچىلاش ئۈچۈن چوقۇم خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش كېرەك، خەنزۇلارغا
قارشى تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ۋەتەننى پارچىلاش كېرەك، بۇ — ئىنتايىن
ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي لوگىكىسى. ئۇلار بۇ لوگىكىغا
ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ، لېكىن ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغىنى تېخىمۇ
پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت.

(3) سىياسىي مۇناسىۋەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلى-
كىگە، سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشقا قارشى تۇرۇش مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ
يەنە بىر ئاساسىي بەلگىسى.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسى-
ۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ سىياسىي ئاساسى، شۇنداقلا
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ تۈپ كاپالىتى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ
تۇرۇشنىڭ يادروسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە
سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

نىستىك پارتىيىسى جان دىلى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان سادىق جەڭچى. پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا ئۇلۇغ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە تارتىش كۈچىگە ئىگە، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇلۇغ ئىنقىلاب كەلكۈنىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى سىنىپىي زۇلۇم بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ باياشات سوتسىيالىستىك تۇرمۇشىنى يارىتىش، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىگە ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىزم يولى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق گۈللىنىش ۋە ئالغا بېسىش ئۈچۈن چوقۇم ماڭىدىغان يول. سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭغاندا، ئاندىن مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە بىرلىشىشىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، مىللىي رايونلارنىڭ ۋە مىللىي ئىقتىساد، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى گۈللىنىش ۋە ئالغا بېسىش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرغاندا، مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئاندىن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بولمىسا، ھېچ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ — شىنجاڭنىڭ يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىختىن چىقىرىلغان ئاساسىي خۇلاسە.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە، ۋەتەننى سۆيۈش، پارتىيىنى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش بىلەن تامامەن بىر. ھەممە مىللەتنىڭ پازىل زاتلىرى چوڭقۇر چۈشەندىكى، مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. پارتىيىمىز گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي تاپقاندا، مىللىتىمىز ئاندىن گۈللەپ روناق تاپالايدۇ. لېنىن: «مىللىي مەسىلە، «ئىشچىلار مەسىلىسى» بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بېقىندى ئورۇندا تۇرىدۇ، ماركسنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭدا شەك يوق»① دېگەن ئىدى. لېنىن يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «ئۆز مىللىتىنىلا كۆزلىمەي، بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىكىنى ئۆز مىللىتىنىڭكىدىن ئۈستۈن قويۇش

① «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى توغرىسىدا» («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم. خەنزۇچە نەشرى، 548 - بەت).

لازىم» [1]. بۇنداق «بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىكى»
گە پارتىيە رەھبەرلىككە، سوتسىيالىزمغا، ئۇلۇغ ۋەتەنگە تايانغاندا، ئاندىن
ئېرىشكىلى ۋە ئۇنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۆز مىللىتىمىزنى سۆيىدى-
كەنمىز، ئاۋۋال جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى، ئۇلۇغ
ۋەتەننى سۆيۈشىمىز، ئۆز مىللىتىمىزگە بولغان قاراشنى ۋەتەن قارىشى، سوتسى-
يالىزم قارىشى ۋە پارتىيە قارىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا،
ئاندىن يېڭى تارىخىي دەۋردە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىمىزنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ،
بۆلگۈنچىلەرنىڭ تۈرلۈك سۇيىقەستلىرىنى بايقىيالايمىز، پارتىيە مەنپەئەتىنى،
سوتسىيالىزم مەنپەئەتىنى، ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەنپەئەتىدىن
ئۈستۈن قويۇپ، ئۆز مىللىتىمىزنى پۈتكۈل سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ تەرەققى-
ياتى بىلەن بىللە تەرەققىي قىلدۇرالايمىز. ئەمەلىيەتتە، بىز شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقى شۇنداق قىلدۇق، بىز پارتىيىنى سۆيىمىز، ۋەتەننى سۆيىمىز،
سوتسىيالىزمنى سۆيىمىز، بۇ — شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشتە ۋە بۆلگۈنچى
كۈچلەرگە قارشى كۈرەشتە تۈگىمەس - پۈتمەس كۈچ مەنبەسى.

ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەر ئۆزلىرىنى مىللىي مەنپەئەتنىڭ ۋەكىلى
دەپ جېنىنىڭ بىرىچە كۆز- كۆز قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مىللىي مۇناپىقلاردۇر.
ئۇلار ھەرگىز ھېچقانداق بىر مىللەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۇلار ئاغدۇرۇلغان
پومېشچىك، بۇرژۇئازىيىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى، چەتئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ
دوس تارتقۇچىلىرى ۋە چاپارمەنلىرى. ئۇلار سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگودىكى ۋە
شىنجاڭدىكى غەلىبىسى ئارقىسىدا ئۆزلىرىنىڭ «جەننىتى» نىڭ قولدىن كەتكىنىگە
رازى بولمايدۇ. ئۇلار دۆلىتىمىزدىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى
بىلەن دوس تارتىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە سوتسىيالىزم
تۈزۈمىگە جان - جەھلى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسى-
تىگە تەلۋىلەرچە ھۇجۇم قىلىدۇ، تىرىلىش ئۈمىدىنى تىرىلىش ھەرىكىتىگە باغ-
لايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشتە جاھىللىق بىلەن چىڭ
تۇرغان ئۇنسۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئىتتىپاقداشى. ئۇلار ئاللىقاچان بەربات
بولغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى چۆشەپ، «شەرقىي تۈركىستان»

---

① «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇنازىرىنىڭ خۇلاسىسى» («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 868 - بەت).

دېگەن سىياسىي مۇردىغا چاپلىشىۋېلىپ، مىللىي، دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇلار خەلقئارادىكى بەزى ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئېلىمىزگە قاراتقان ئاغدۇرمىچىلىق، سىڭىپ كىرىش ۋە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» نى چىددىيلەشتۈرۈشىگە ماسلىشىپ، تەرەپدار تويلاپ، ھەدەپ ئۆسەك سۆز تارقاتتى، كەينى - كەينىدىن ۋەقە تۇغدۇردى، ھەتتا قوراللىق ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ پەيدا قىلدى. بۇ پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، بۇ بۆلگۈنچىلەر كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى بىر ئوچۇم ئەشەددىي ئەكسىلئىنقىلابچىلاردۇر. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى كۈرەش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چىددىي سىنىپىي كۈرەش. بۇ كۈرەش ئۇزاققىچە داۋام قىلىدۇ. لېكىن كۈرەشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئېنىق. ۋەتەننى پارچىلاش يولىدىكى سۇيىقەستلەر شۇنداق زەئىپ كونا جۇڭگو دەۋرىدىمۇ ئەمەلگە ئاشمىغانىدى، دۇنيانىڭ شەرقىدە دۆۋىدەك زەبەردەس تۇرغان بۈگۈنكى جۇڭگودا ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنى بۈيۈك ۋەتەن ئائىلىسىدىن ئايرىپ چىقىش سۇيىقەستى ئەلۋەتتە ئۈزۈل - كېسىل بەربات بولىدۇ، غالىبىيەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مەنسۇپ.

تەرجىمە قىلغۇچى: جۇمەخۇن

# مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

ئابدۇشۈكۈر تۇردى، لىن شېڭ

مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىر تۈپ پرىنسىپى، ئېكسپلاتاتسىيە ۋە مىللىي زۇلۇم مەۋجۇت جەمئىيەتتىكى بارلىق ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مىللىي زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارىدىغان كۈرىشىنىڭ نىشانى ۋە ئېرىشىدىغان ئاساسىي ھوقۇقلىرىدىن بىرى. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە بولسا، مىللەتلەر باراۋەرلىكى پرىنسىپى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تۈپ مەزمۇنى ۋە ئاساسىي بەلگىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئۇنى قەتئىي يولغا قويۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىسى.

ئۇزاقتىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ئىلمى ساھەسىدىكى بەزى يولداشلار ستالىننىڭ پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتا ئېيتقان ئايرىم بايانلىرىغا ئاساسەن، كونا جەمئىيەت سوتسىيالىزم جەمئىيەتكە قالدۇرۇپ كەتكەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقلەرنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان «ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» دەپ تونۇپ نەچچە ئون يىل تالاش - تارتىش قىلدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بەزى كىشىلەر «مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك مەۋجۇت ئىكەن، ئۇنداقتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئەمەلىيەتتىكى ئاساس كەمچىل بولىدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش جياڭ زېمىن دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە: «زور تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ۋە باشقا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا داۋاملىق ياردەم بېرىپ ۋە ئۇنى قوللاپ،

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىختىن قېپقالغان، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان پەرقلەرنى پەيدىنپەي تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت، بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتتى. بۇ يەردە يولداش جياڭ زېمىننىڭ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ خىل تەكشىسىزلىكنى «ساقلىنىۋاتقان پەرق» دەپ كۆرسىتىپ، «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» ئاتالغۇسىنى قوللانماسلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە رېئال ئەھمىيىتى بار.

چۈنكى «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» دېگەن قويۇق سىياسىي تۈسكە ئىگە ئاتالغۇنىڭ تەسىرى ھەم كەڭ، ھەم چوڭقۇر بولغانلىقتىن، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيىگە، جۇڭگوغا، سوتسىيالىزمغا قارشى دۈشمەن كۈچلەر بۇ سۆزدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلدى، دۆلىتىمىزنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ۋە دوستلۇق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنى پارچىلاپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. شۇڭا كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى پەرقنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» بولماستىن، بەلكى «پەرق» ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىنتايىن زۆرۈر. ماھىيەت ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرنەچچە مەسىلىنى توغرا تونۇش ۋە ھەل قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.

## 1. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى دېگەن نېمە؟

باراۋەرلىك ئۇقۇمىنىڭ مەزمۇنى كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، قانۇن قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش ئىجتىمائىي ئورۇندا تۇرۇشىنى، ئوخشاش ئىجتىمائىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ مەنىگە ئاساسەن، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى — مىللەتلەرنىڭ چوڭ-كىچىك، نامرات-باي، كۈچلۈك-ئاجىز بولۇشىدىن ۋە قايسى ئىرقتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىياسىي، قانۇن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش ئىجتىمائىي ئورۇندا تۇرۇپ، ئوخشاش ئىجتىمائىي ھوقۇقتىن بەھرى-

مەن بولۇشى دېمەكتۇر. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، يىغىنچاقلاپ ئېيتالايمىزكى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنى ۋە ھوقۇقىنىڭ ئوخشاش بولۇشى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىگە بۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق مەزمۇن ياكى شەرتلەرنى قويۇش توغرا ئەمەس.

مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى شوئارىنى بۇرژۇئازىيە كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكى شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىغا ئوخشاش، ئۆز ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، فېئودال مۇستەبىتلىككە ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ شوئارلار بۇرژۇئا ئىنقىلابى جەريانىدا ئىنقىلابىي كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرژۇئا ئىنقىلابى باشلانغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇلمىدى، بەلكى ئۇ جەمئىيەتتە بۇنداق باراۋەرلىكنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، كاپىتالىزم جاھانگىرلىك باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، جاھانگىرلار، مۇستەملىكىچىلەر، ئېرقچىلار، زومىگەرلەر ئۆز دۆلىتىدىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنى ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە قۇل قىلىش بىلەن بىللە، مۇستەملىكىلەردىكى خەلقنى، ئاجىز مىللەتلەرنى ئېزىش، قۇل قىلىش، تالان ـ تاراج ۋە قىرغىن قىلىش جەھەتتە ئىنتايىن ۋەھشىيلىك قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بارغانسېرى باراۋەر بولالماسلىقتەك ئەھۋال جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتتە ۋە نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئومۇمىي ھادىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

## 2 مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتى نېمە؟

بۇرژۇئازىيە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرالمىدى؟ بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، ماركس بىلەن ئېنگېلس «پولشا ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە دەل جايىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتى بەزى مىللەتلەرنىڭ باشقا بەزى مىللەتلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب». («ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 287 ـ

www.uyghurkitap.com

بەت) لېنىن «ئامېرىكا مۇخبىرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب» تا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: «خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىق كىشىلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ مەنبەسى، ئاممىنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشىنىڭ مەنبەسى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كاپىتالىستلارنىلا بېيىتىدىغان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىنىڭ مەنبەسى» دېگەنىدى. («لېنىن ئەسەرلىرى» 29 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى 475 ـ بەت) ئىنقىلابىي ئۇستازلارنىڭ بۇ مۇپەسسەل ھۆكۈملىرىدىن بىز مىللەتنىڭ مىللەتنى ئېزىشى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسى كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. كاپىتالىزم تۈزۈمى بىلەن فېئودالىزم تۈزۈمىنى سېلىشتۇرغاندا، كاپىتالىزم تۈزۈمى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى غايەت زور ئىلگىرىلەش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان جەمئىيەت. ئۇنىڭ بەرپا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشتا تايىنىدىغان ئاساسى يەنىلا ھەر مىللەت خەلقىنى ئېزىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش، قۇل قىلىش ۋە تالان ـ تاراج قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا مىللىي زۇلۇم، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى، بۇرژۇئازىيە دەۋاتقان مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئالدايدىغان ھىيلە ـ نەيرەڭدىنلا ئىبارەت.

بۇنىڭ ئەكسىچە، پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پارتىيىسى ھەم ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەت تەشەببۇس قىلغان ۋە ئىشقا ئاشۇرغان مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى. مىللەتلەرنىڭ مۇشۇنداق باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىنىپلارنى يوقىتىش كېرەك. چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بەرپا قىلىدىغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتۇر. شۇڭا «كىشىنىڭ كىشىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى يوقىتىلغان ھامان، مىللەتنىڭ مىللەتنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە يوقىلىدۇ». «مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىق يوقالغان ھامان، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتلەرمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە يوقىلىدۇ»، «سىنىپىي پەرقنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ پەرقتىن پەيدا بولغان بارلىق ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي باراۋەرسىزلىكمۇ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ» («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 270 ـ بەت، 3 ـ توم 18 ـ بەت) بۇ مىللەتلەر ـ

نىڭ باراۋەرلىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىپ، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى بەرپا قىلىش ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 3. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي باراۋەرلىك ئىشقا ئاشۇرۇلدى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى جەھەتتىكى باراۋەرلىكىدىن ئىبارەت؛ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدە؛ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىلا ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇشۇ ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەيدىغان بولساق، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدىغان دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان دەپ ئېيتىشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكى بىكار قىلىندى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ئورنىتىلدى. بۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ۋە تەڭسىزلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مەنبەنى تۈگىتىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ روناق تېپىشى ۋە گۈللىنىشىنى يادرو قىلىپ، بىر قاتار ماركسىزملىق مىللىي سىياسەت، بولۇپمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە يولغا قويۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، مەدەنىيەت تۇرمۇشى ۋە قانۇن تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇشىغا، ئوخ-

www.uyghurkitap.com

شاش ھوقۇقىنى بەھرىمەن بولۇشىغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ باراۋەر خوجىسى بولۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلدى.

سىياسىي جەھەتتىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر سىياسىي ئورۇن ۋە ھوقۇق جەھەتتە پۈتۈنلەي باراۋەر. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ تەشكىلىي شەكلى، خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگىنى. ئۇنىڭدا مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەكىلى بار، ئۇلار مەملىكىتىمىزدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتاي يىغىنلىرىدا دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ فاڭجېنلىرىنى بەلگىلەشكە، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىۋاتىدۇ. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، 2970 خەلق ۋەكىلىنىڭ 445 ى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 15 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ سەككىز پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ. بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا سايلانغان 19 نەپەر مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن ئالتىسى بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 31 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. يەنە ئالايلۇق: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 59 ۋەكىل قاتناشتى، ئاھالە نىسبىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان رايونلارنىڭكىدىن كۆپ بولدى. ۋەكىللەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 39 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 66 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. پۈتۈن مەملىكەتتە ۋە شىنجاڭدا ئاھالىسى ئىنتايىن ئاز بولغان بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بەلگىلىمە بويىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل سايلاشقا سانى توشمىسىمۇ، لېكىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل سايلاش قانۇنىدا بەلگىلەنگەن. مەركەزدە شۇنداق بولدى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتاي يىغىنلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق بولدى. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتاي يىغىنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىدا ئاز سانلىق مىللەت ئەزالار شۇ مىللەتلەرنىڭ شۇ جايدىكى ئاھالە ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىدىن كۆپ بولدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى بويىچە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئورگىنى تەسىس قىلىپ، ئۆز جايى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەكتە. ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلىرىدىن 159 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون بەش، ئاپتونوم ئوبلاست 30، ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) 124. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 78 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 64 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇنداق كەڭ زېمىندا ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ رەئىسلىرى، ئوبلاست باشلىقلىرى، ھاكىملىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ئەزالىرىدىن بولدى. ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى كەسپىي تارماقلارنىڭ باشلىقلىرى ياكى مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋە باشقا ھەر دەرىجىلىك خىزمەتچى خادىملارغا ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ مۇناسىپ ساندىكى ئەزالىرى سەپلەندى. بۇنىڭ بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە ئۈنۈملۈك ھالدا كاپالەتلىك قىلىندى.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئورنى ۋە ھوقۇقى جەھەتتە ئوخشاشلا باراۋەر. ئىقتىسادىي ئورۇن جەھەتتە باراۋەر دېگەنلىك ھەر مىللەت خەلقى ھەم سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى مال - مۈلۈكنىڭ خوجىسى، ھەم ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى مال - مۈلۈكنىڭ خوجىسى دېگەن سۆز. ئىقتىسادىي ھوقۇق جەھەتتىكى باراۋەرلىك قايسى مىللەتنى ئاساس قىلغان رايون بولۇشىدىن، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان رايون بولۇش بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ دۆلەت پىلانى ۋە ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىتقا ئاساسەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە باراۋەر ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەر مىللەت خەلقى ئەمگەككە قاتنىشىش، سوتسىيالىستىك تەقسىمات تۈزۈمىدە بەلگىلەنگەن تەقسىماتتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ۋەھاكازا. يولداش جۇئېنلەي «دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە دائىر بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا» دېگەن نۇتقىدا:

«بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىز بارلىق قېرىنداش مىللەت رايونلىرى ۋە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان رايونلارنى زامانىۋىلاشتۇرىدۇ. پۈتۈن جۇڭگونى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بارىدۇ. بىزدە مۇشۇنداق شىجائەت بار. بۇ بىزنىڭ بۇ مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى ۋە دوستلۇقىدىن ئىبارەت شىجائەت بىز ئارقىدا قالغان جايلارنى مەڭگۈ ئارقىدا قالدۇرماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر ئارقىدا قالغان جايلار مەڭگۈ ئارقىدا قېلىۋېرىدىغان بولسا، بۇ تەڭسىزلىك بولىدۇ، خاتا بولىدۇ» دېگەنىدى. بۇ يەردىكى ئاچقۇچ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئارقىدا قالغان جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ھەم ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە، بولۇپمۇ خەنزۇ خەلقىگە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى باراۋەرلىك ئورنى ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ھەم ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر قاتار ئالاھىدە سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ھەم يولغا قويۇپ، ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى، تېخنىكا قاتارلىق جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىپ، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەردى. شىنجاڭنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئازاد بولغان چاغدا بۇ يەردە زامانىۋى سانائەت ئاساسەن يوق ئىدى، ھازىر تۈرى بىر قەدەر تولۇق، مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە سانائەت سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. 1988 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1949 - يىلدىكىدىن 117.51 ھەسسە ئېشىپ، شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى ئىگىلىك قۇرۇلمىسى تۈپتىن ئۆزگەردى. بۇ مەزگىلدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10.19 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇنغا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 7 - ئورۇنغا، پاختا، ياغلىق دان، بىرىنچى ئورۇنغا، شېكەر 10 - ئورۇنغا ئۆتتى. بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 117.58 يۈەندىن توغرا كېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە 15 -

ئورۇنغا ئۆتۈپ، شەنشى، خۇبېي، ئەنخۇي، خېنەن قاتارلىق خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان، بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان ئۆلكىلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى. باشقا ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ناھايىتى زور تەرەققىيات بولدى. مەسىلەن: گۇاڭشى، يۈننەن بولتۇر ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى جەھەتتە ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەملىكەت بويىچە 8 - ئورۇنغا ۋە 14 - ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە باراۋەر ئىجتىمائىي ئورۇنغا ۋە باراۋەر ئىجتىمائىي ھوقۇققا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەدەنىيەت جەھەتتە قارىغاندا، ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ئازسانلىق مىللەت خەلقى جەمئىيەتنىڭ خوجىسى بولۇپ، تەربىيە ئېلىش، مەدەنىيەت پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلىش، پەن تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولۇش شەرتى ئاستىدىلا، ئاندىن مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ئىشلارنى، راۋاجلاندۇرالايدۇ. شىنجاڭنىڭ مائارىپى، ئەدەبىي ژۇرناللىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مىسالغا ئالساق، پارتىيىنىڭ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى يادرو قىلىنغان مىللىي سىياسىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىشى ۋە ئەمەلىيلىشىشى ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1988 - يىلنى 1949 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇزدىن 2054 كە، ئوقۇغۇچىسى 1925 تىن 99 مىڭ 100 گە يەتتى؛ بىر ئالىي مەكتەپ 20 گە كۆپەيدى، ئوقۇغۇچىسى 379 دىن 30 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. ھەر خىل، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 1 مىليون 610 مىڭغا يېتىپ، مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 55.44 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر خىل، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر 10 مىڭ ئاھالە ئىچىدىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. 50 - يىللاردا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان «تارىم» ژۇرنىلىلا بولغان بولسا، ھازىر ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنىۋاتقان ئەدەبىي ژۇرنال 15 خىلغا يەتتى، ئۇنىڭغا قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە ئەدەبىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ژۇرناللارنى قوشقاندا 20 خىلدىن ئاشىدۇ، خەنزۇچە نەشىر قىلىنىۋاتقان ئەدەبىي ژۇرناللارنى قوشىدىغان بولساق، 30 خىلدىن ئاشىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى پاكىتلارـنى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ئازسانلىق مىللەت خەلقى بىۋاسىتە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بۇ پاكىتلار مەملىكىتىمىزنىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ئىجتىمائىي ھوقۇقىنىڭمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمەلىيەتتە باراۋەر ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلىدى. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، تارىختىن قېپقالغان پەرقىنى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك دېيىش تامامەن خاتا.

## 4. «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» دېگەن نەزەرىيىنىڭ خاتالىقى نەدە؟

بۇنداق نەزەرىيە شۇنىڭ ئۈچۈن خاتاكى، ئۇنىڭدا «مىللەتلەرنىڭ باراۋەرـلىكى» بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسى جەھەتتىكى «پەرق» تىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان كاتېگورىيە، ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى ئىككى مەسىلە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك يوقىتىلىپ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بەرپا قىلىنغان، توغرا مىللىي سىياسەت تۈزۈپ چىقىلغان ۋە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك يوقالدى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ رېئاللىقى شۇنداق. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقنى يۇقىرىدىكى شەرتلەر ئاستىدا پەقەت كىچىكلىتىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى يېقىنلاشتۇرغىلى بولىدۇكى، ئەمما يېقىن ئارىدا تامامەن يوقاتقىلى بولمايدۇ. مىللەت مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، بۇنداق ئەھۋال مىللەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئۆلكە بىلەن ئۆلكە ئوتتۇرىسىدا، رايون بىلەن رايون ئوتتۇرىسىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئېنگېلس 1875 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بېبېلغا يازغان خېتىدە بۇ مەسىلە ھەققىدە ئېنىق توختالغان. ئۇ

مىسال كەلتۈرۈپ: «ئالپس تېغىدىكى ئاھالىلەر بىلەن تۈزلەڭلىكتىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ھامان ئوخشاش بولمايدۇ»، «ئۇنى پۈتۈنلەي يوقىتىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس» دېگەنىدى. («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 34 - توم، 124 - بەت) چۈنكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، رايون بىلەن رايون ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىدىكى پەرق نورمال ئەھۋال ئاستىدا ھەر قايسى مىللەتلەر، ھەر قايسى رايونلارنىڭ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ شارائىتى بەلگىلىگەن ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەرلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ ئارقىدا قالغان مىللەت ۋە رايوننىڭ مەڭگۈ ئارقىدا قېلىۋېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ «پەرق» تە ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئارقىدا قالغانلار ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلەرمۇ ئارقىدا قېلىشى مۇمكىن، بۇنىڭ بىلەن ئورتاق تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا يېڭى «پەرق» پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: مەملىكىتىمىزدىكى ئەسلىدە مائارىپ ئىشلىرى خەنزۇلارنىڭكىدىن ئارقىدا قالغان چاۋشەنزۇ ھازىر مائارىپ تەرەققىياتى جەھەتتە خەنزۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئۆزگىرىش جەريانىدا پەيدا بولغان يېڭى پەرق. ئەگەر بۇنداق پەرق «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» دېيىلىدىغان بولسا، كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە بارغاندا كىشى بىلەن كىشى، رايون بىلەن رايون ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق پەرق يەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» مەڭگۈلۈك دېگەنلىك بولۇپ قالمامدۇ؟ بۇنىڭدىن ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىدىكى پەرقنى «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» دەپ قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىدىكى پەرقنىڭ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ-يوق؟ بىزنىڭچە، سىنىپىي جەمئىيەتتە پەيدا بولغان ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىدىكى پەرق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرسىزلىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. لېكىن ئۇ پەرقنى پەيدا قىلغان بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس. ئۇنىڭ مىللەتلەرنىڭ تەڭسىزلىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، سىنىپىي جەمئىيەتتە ئېزىلگۈچى مىللەتلەر بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلار ئوخشاش ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە ئوخشاش ئىجتىمائىي ھوقۇققا ئىگە ئەمەس، ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ئىقتىسادى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقى ۋە پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا راۋاجلاندۇرۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ نەتىجىسىدە تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتە پەرق پەيدا بولغان. بۇنداق پەرق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرسىزلىكىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىدىكى پەرقنى «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» دېيىش نەتىجىسەۋەب دەپ قارىغانلىق، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى بىلەن ھادىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ.

سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر، چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك باراۋەر. بۇ ھەر مىللەت خەلقى ياشاۋاتقان رايونلار، بولۇپمۇ ئازسانلىق مىللەتلەر ياشاۋاتقان رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىدىكى پەرقنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشنى، ھەتتا ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ، ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ ئالغا كەتكەن مىللەتلەردىن، ئالغا كەتكەن رايونلاردىن ئېشىپ كېتىشىنى ئىشەنچلىك ئالدىنقى شەرت ۋە كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇڭا «ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» ئەمەلىيەت جەھەتتىمۇ، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ خاتا، پۈتۈنلەي تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئىنتايىن زىيانلىق.

## 5. «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» ھەققىدىكى مۇنازىرىنىڭ قوزغىلىش سەۋەبى

ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىدىكى پەرقنى «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» دېگەننى ھەقىقەتەن ئەڭ دەسلەپ ستالىن ئوتتۇرىغا قويغان. بىز ستالىننىڭ 1917-يىلدىن 1934-يىلغىچە يېزىلغان مىللىي مەسىلە بايان قىلىنغان «مىللەتلەر مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن كىتابىنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ «روسسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) نىڭ 10-قۇرۇلتىيى»، «مىللىي مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى ھەققىدە»، «پارتىيە ۋە دۆلەت قۇرۇلۇشىدىكى مىللىي مەسىلە»، «روسسىيە كوممۇنىستىك

پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) نىڭ 12 ـ قۇرۇلتىيى» قاتارلىق دوكلات ۋە ماقالە-
لىرىدە يەتتە يەردە «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» ھەققىدە سۆزلەنگەنلە-
كىنى بايقىدۇق. بۇنداق ئاتاش 1917 ـ يىلدىن 1923 ـ يىلغىچە بولغان بىر
نەچچە يىلغا مەركەزلەشكەن، كېيىن قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، ستالىننىڭ بۇ مەسىلىدە قوللانغان ئاتالغۇسىمۇ بىردەك بولمىغان، ئۇ
بەزىدە «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» دېسە، بەزىدە بەزى مىللەتلەرنىڭ
«ئەمەلىيەتتە ئارقىدا قالغانلىقى» دېگەن؛ بەزىدە بۇنداق ئەمەلىيەتتىكى
باراۋەرسىزلىكياكى ئارقىدا قېلىش ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە كۆرۈلىدۇ دېسە،
بەزىدە بولسا سىياسىي جەھەتتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېگەن.

ستالىن مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك»
ۋە بەزى مىللەتلەرنىڭ «ئەمەلىيەتتە ئارقىدا قالغانلىقى» سىياسىي، ئىقتىساد،
مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ دېگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر
ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن تارتىپ، 1923 ـ يىلغىچە تاشقى جەھەتتە بىر
نەچچە جاھانگىر دۆلەتنىڭ بىرلەشمە قوراللىق مۇداخىلىسىگە ئۇچرىغان، مەم-
لىكەت ئىچىدە ئاق گۋاردىيەچىلەرنىڭ، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ قوراللىق توپىلىڭى
يۈز بەرگەن، باي دېھقانلارنىڭ يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ھاكىمىيەتكە قارشى-
لىق كۆرسىتىپ، ئاشلىق قەھەتچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، مەملىكەت ئىچىدە
تاماق يېيىشمۇ چوڭ مەسىلە بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە
سوۋېت ھاكىمىيىتى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇرۇش ۋە ئاچارچىلىققا تاقابىل
تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. مەملىكەت ئىچىدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا يېتە-
شەلمىگەنىدى. شۇڭا 1923 ـ يىلى ستالىن «روسسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى
(بولشېۋىكلار) نىڭ 12 ـ قۇرۇلتىيى» دا: «بىز قانۇن جەھەتتىكى بارا-
ۋەرلىكنى ئېلان قىلدۇق ھەمدە بۇنداق باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇ-
ۋاتىمىز ... لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكتىن تېخى ناھايىتى
يىراق» دېگەنىدى. شۇڭا بىز «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك»
ۋە «ئەمەلىيەتتە ئارقىدا قالغانلىق» سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەينى
ۋاقىتتىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە بەزى مىللەتلەرنىڭ
سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى باراۋەرلىكنى تېخى ئەمەلگە ئاشۇ-
رالمىغان ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن دەپ قارايمىز. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ
ئەھۋالى بىلەن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەملىكىتە-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىزدە 1956 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش تاماملىنىپ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلدى، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى بەرپا قىلىندى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. 1923 ـ يىلدىن كېيىن، ستالىن «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتمىگەن، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

قىسقىسى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىدىكى پەرقنى مىللەتلەر ئارىسىدىكى «ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك» دېيىش نەزەرىيە جەھەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ستالىننىڭ سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بەزى يەكۈنلىرىنى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ ئىشلىتىش، بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ ئىشلىتىش، روشەنكى، توغرا ئەمەس. بەلكى نەزەرىيە جەھەتتىكى دوگماتىزملىق نۇقسانىنىڭ ئاقىۋىتى بولىدۇ.



# شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلە

بۇرھان شەھىدى

شىنجاڭ بۇرۇنقى تارىخلاردا «غەربىي رايون» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇرۇنلا، ئۇ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ تەقدىرى پۈتۈن جۇڭگونىڭ تەقدىرى بىلەن تېخىمۇ زىچ بىرلەشكەن.

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلىرىگە دائىر ھۆججەتلەردە كۆپ خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭدەك شىنجاڭدا كۆپ يىللاردىن بۇيان يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا ياشاپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشكە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى قەدىمكى مىرەن شەھىرى خارابىسىدىن ئويغۇر كەكمەنىرنىڭ ئۈچ شېئىرى تېپىلغان. ئۇنىڭ «خەت ئۆگىنىش» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «خەنزۇلارنى قەدىمدىن ئۇستاز تۇتۇپ كەلگەنمىز، خەت ئۆگىنىپ ھېچقاچان ھېرىپ قالغان ئەمەس بىز. ئون نەچچە يىل بۇ خەتنى ئۆگىنىپتۇ بوۋىمىز، ئون ۋە ئىككى يىل بىلەن تاماملاپتۇ دادىمىز. ماڭا كەلگەچ بۇ خەتنى ئون ئۈچ يىلدا ئۆگەندىم. لى بەي بىلەن دۇفۇنىڭ دىۋانىدىن زوقلىنىپ، ئۇستاز تۇتۇپ كەلمەكتە ھەممە ئۇنى ئۆگىنىپ». دېمەك، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكى رايونىنىڭكىگە ئوخشاش بولغان. «كەكمەنىر شېئىرى» يۈەنخېنىڭ 10 ـ يىلى، يەنى مىلادى 815 ـ يىلى يېزىلغان. كەكمەنىرنىڭ مىللىي ئىناقلىق ھېسسىياتىمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، XIX ئەسىردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ تارىخىي مۇناسىۋەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلىغان ۋە بېيىتقان. بۇ ھۆججەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

ماتېرىياللىرىدىن شۇنى بىلىمىزكى، چىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن، شىنجاڭ رايونى «غەربىي رايون» دېيىلگەن، غەربىي رايون ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي زېمىنى دېگەن بولىدۇ. 1755 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقان ۋە تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايوندا ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتە بىۋاسىتە باشقۇرۇشنى يولغا قويغاندىن كېيىنلا، بۇ رايون «شىنجاڭ» دەپ ئاتالغان. 1884 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە بۇ رايوندا ئۆلكە تەسىس قىلغان. شۇڭا، شىنجاڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان بىۋاسىتە قاراشلىق رايون ياكى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئۆلكە دېگەن بولىدۇ. ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» بولسا XIX ئەسىردە دۇنيادىكى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مۇستەملىكىچىلىك - تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈشى بىلەن بىر ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن نام. ئەينى ۋاقىتتا، غەرب مۇستەملىكىچىلىرى مەركىزىي ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىنى ئومۇملاشتۇرۇپ «تۈركىستان» دەپ ئاتىغان ھەم زەرەپشان دەرياسىنى چېگرا سىزىقى قىلىپ، ئۇنىڭ غەربىدىكى جايلارنى «غەربىي تۈركىستان»، شەرقىدىكى جايلارنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىغان. بۇ ناملاردا پۈتۈنلەي تىل ۋە جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم ئاساس قىلىنغان بولۇپ، روشەن تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتى بار. بەزىلەر ئەينى ۋاقىتتا غەرب مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتىدە ئىشلەتكەن جۇغراپىيىلىك نامنى «ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنىڭ نامى» دەۋالغان، روشەنكى، بۇ ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان ھاقارەت.

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ تارىختىكى مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تارىختىكى يىراق قەدىمكى دەۋرلەرگىچە سۈرۈش مۇمكىن. كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار شۇنى نامايان قىلىدۇكى، شىنجاڭدا يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن رەڭلىك ساپاللار بىلەن كېيىنكى ۋاقىتتا خەنزۇ مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساسلىق مەنبەلەردىن بىرى بولغان شيالارنىڭ ياڭشاۋ مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بولغان. مىلادىدىن 3 - 5 ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتتىكى مەشھۇر خەنزۇچە ھۆججەت «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» ۋە «تاغ - دەريالار قامۇسى» دە شىنجاڭ رايونى، كۇئېنلۇن تاغلىرى، قىزىل سۇ توغرىسىدا خاتىرىلەر يېزىلغان. مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇنقى غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاڭچيەننى غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى دەۋرگە كىرىشكە باشلىغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى (مىلادىدىن 140 — 87 - يىل ئىلگىرى) زامانىدىن باشلاپ، «غەربىي رايون زېمىنى ئىچكىرىگە تەۋە بولغان»، شىنجاڭ رايونى رەسمىي تۈردە جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن. غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمەتلىرى شىنجاڭ رايونىدا دۇخۇ (تۇتۇق ھىراۋۇل — قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى) ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا ئوتتۇرانچى چې- رىكچى بەگ قويۇپ، شۇ جايدىكى 36 بەگلىكنىڭ (كېيىن 50 نەچچە بەگلىككە بۆلۈنگەن، يەنى بىر شەھەر بىر «بەگلىك» قىلىنغان. مەسىلەن، نىيەمۇ بىر «بەگلىك» ھېسابلانغان، بىراق، ئۇنىڭ ئاران 356 ئادىمى بولغان) ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، بۇ رايوندا دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسى- يىسىنى رەسمىي ئىشقا ئاشۇرغان. ئىچكى رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭغا ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ياكى يۆتكەپ كېلىنىپ، بۈگۈر، چېدىر، قاتقىل، ئېۋىرغۇل قاتارلىق بىرمۇنچە جايلاردا بوز ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان. خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، شىنجاڭ- دىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىننى ئېچىپ گۈللەندۈرگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق سەركەردىلەردىن فۇجيېزى، چاڭ خۈي، جېڭ جى، بەنچاۋ قاتارلىقلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پائال قوللىشى ۋە ماسلىشىشى بىلەن ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ھۇن قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ۋەھشىيانە زۇلۇ- مىدىن قۇتۇلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخلىرىدىكى داڭلىق «يىپەك يولى»نى ئېچىپ ۋە قوغداپ، ئېلىمىزنىڭ غەرب ئەللىرىنى چۈشىنىشىنى ئۇلار بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ، مەدەنىيىتى- نىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. «يىپەك يولى» دىكى تۇرپان ۋە نىيە نامىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان كۆپ مىقداردىكى نەپىس يىپەك توقۇل- مىلار ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمگىكى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ماددىي دەلىلى.

تاڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى دۇخۇ (ھىراۋۇل — قورۇقچى بەگ) تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەنشى (ھازىرقى كۇچا)، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) دا دۇخۇ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسى تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايوننى باشقۇرغان، ئۇنىڭ قول ئاستىدا كىنگىت، كۇسەن، ئۇدۇن دۇدۇ (تۇتۇق بەگ) مەھكىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەسىس قىلغان: بېشبالىق دۇخۇ مەھكىمىسى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى رايوننى باشقۇرغان ھەم بۇ رايوننى ئىچكىرىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى بويىچە بىر قانچە مەھكىمە، ئايماق ناھىيىگە ئايرىغان. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي رايونغا قارىتىلغان ھۆكۈمرانلىقىنى غەربىي خەن دەۋرىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيتكەن، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشقان. «يىپەك يولى» نىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو ۋە غەرب كارۋانلىرى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرغان. جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش يولىغا جايلاشقان شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىمۇ كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىپ، راۋاجلانغان. تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، بەش پادىشاھلىق، لياۋ، جىن، ئىككى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىغان.

موڭغۇل خانلىقى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى يەنىمۇ راۋاجلانغان. 1209 - يىلى (موڭغۇل خانلىقى تەيزۇ خانىنىڭ 4 - يىلى) موڭغۇللار نايمان قەبىلىسىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، قوجۇ ئۇيغۇرلىرى ئالدى بىلەن موڭغۇللارغا ئەل بولغان، چىڭگىزخان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇتىنى بەشىنچى ئوغۇل قىلىپ، «ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارلىق تاجدارى» قىلغان، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر رايونىدا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلغان، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللىرىدا ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى، ۋالى مەھكىمىسى، مۇپەتتىش جۇجۇقى، جارچى سىلاۋچى جۇجۇقى، پۇل ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جۇجۇقى، پۇل غەزىنىسى قاتارلىق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي، ئەدلىيە، مالىيە قاتارلىق ئىشلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرغان. يۇقىرى قاتلامدىكى ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىرى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، ئۇلاردىن بەزىلىرى باش ۋەزىر، ئەمىرلەشكەر، چېگرا مۇھاپىزەتچىسى ۋە ئامبال بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي، مالىيە، مەدەنىيەت ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم تۆھپە كۆرسىتىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھىدا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن قالسىلا ئىككىنچى مۇھىم تەركىبىي قىسىم بولغان.

موڭغۇل خانلىقى ۋە يۈەن سۇلالىسىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونى موڭغۇل ئەۋلادلىرىنىڭ فېئودال گۇرۇھى تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىنغان. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ فېئوداللىق بۆلۈنمىلەردىكى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق پۇشتلىرى»غا قارىتا «تەسەللىي بىلەن جىمىقتۇرۇش» سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز جايلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان، لېكىن ئۇلار مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بەرگەن مەنسىپى، ۋەزىپىگە تەيىنلىشىنى قوبۇل قىلىشى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە تەگىشەپ - يۆتكىشىگە بويسۇنۇشى شەرت قىلىنغان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارمۇ مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە قۇمۇلدا قۇمۇل مۇھاپىزەت مەھكىمىسى قۇرۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن سادىق ئىتائەتمەن ۋاڭ (خان) تەيىنلەپ، ئالتۇن تامغا بەرگەن، بىۋاسىتە دورغاپ، جىشەن، يېتەكچى قاتارلىق مەنسەپدارلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى «غەربىي رايوننى ساقلىغۇچى»، «غەربىي رايوننىڭ باج - سېلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى» قىلغان، شۇنىڭدىن باشلاپ، قۇمۇل رايونى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باشقۇرىدىغان بىر مەمۇرىي رايون بولغان.

XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى جايلاردا ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق ئورناتقان. ئىلىدا جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، ئۈرۈمچى، قەشقەر، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا دۇتۇڭ ياكى مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلغان، باشقا جايلارغا ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ياكى يېتەكچى ئامبال تەيىنلىگەن. 1884 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوقەند تاجاۋۇزچىسى ياقۇپبەگ قۇرغان ھاكىمىيەتنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلغان ۋە چاررۇسىيە ئىشغال قىلىۋالغان ئىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىپ، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى تېخىمۇ بىۋاسىتە باشقۇرغان. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالاقىسى يەنىمۇ قويۇقلاشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭ بىلەن ۋەتەننىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى ئادەتتىكى ئوردىسىنى زىيارەت قىلىپ تارتۇق قىلىش ۋە ئوردىدىن مەنسەپ ئىلتىپات قىلىش مۇناسىۋىتى شۇنداقلا ئادەتتىكى ۋاقىتلىق تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بولماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ مەركىزىي ھوقۇقى بۇ رايوندا ئۇزۇن ۋاقىت ئۈزۈلمەي بىۋاسىتە يۈرگۈزۈلگەن مۇناسىۋەت بولۇپ كەلگەن. يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلار بۇ نۇقتىنى ئېنىق ئىسپاتلىدى.

ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خەنزۇ ۋە ئىچكى رايونلاردىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن كەڭ تۈردە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا خەنزۇ خەلقى «قۇدۇق، ئېرىق — ئۆستەڭ» قېزىش ۋە قۇدۇق، ئېرىق — ئۆستەڭلەردىن پايدىلىنىپ يەر سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنى ئېلىپ بېرىشتەك ئىلغار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى شىنجاڭغا تارقاتقان. شۇنىڭدىن كېيىن، پىلە بېقىش، يىپەك ئىشلەش، مېتال تاۋلاشقا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىمۇ شىنجاڭغا داۋاملىق كىرگەن، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، قول سانائەت تەرەققىياتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاختا، ئۈزۈم، ياڭاق، ئانار، تاۋۇز، تەرخەمەك، زىغىر، بېدە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارمۇ شىنجاڭدىن ئىچكى رايونلارغا داۋاملىق كىرىپ، ئىچكى رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان. خەنزۇلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا قاتارلىقلىرىمۇ ئوخشاشلا خەنزۇ خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. مۇشۇنداق كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرۈشى ئارقىسىدا، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر، مۇستەھكەم قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان.

ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە، چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جاھانگىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئېبلىس قولىنى شىنجاڭغا سوزۇشقا باشلاپ، شىنجاڭنى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچراشتەك پاجىئەلىك

ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئورتاق تارىخىي تەقدىر، ئورتاق ئىنقىلابىي تەلەپ، ئورتاق كۈرەش يولى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاق بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. ئورتاق تەقدىر، ئورتاق تەلەپ تۇتاشتۇرغان قان بىلەن گۆشنىڭ مۇناسىۋىتىدەك مۇشۇنداق مۇناسىۋەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت قۇل قىلىشىدىن خالىي بولۇش تەقدىرىنى تەمىن ئەتكەن. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خەنزۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى ئۇزۇن مۇددەت باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇشتەك سۇيىقەستىنى بىر قانچە قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ قالغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئېلىمىزنىڭ خەلقئارا ۋە ئىچكى شارائىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم جىددىي ئىدى. بۇ مەزگىلدە، مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى ۋەكىللىك قىلغان فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ كەڭ ئەمگەكچىلەرنى ئېزىشى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى مىسلىسىز ئېغىر دەرىجىگە يەتكەن. ئەيپۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، دۇنيادىكى كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەر بەس - بەس بىلەن ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يېڭىدىن تېخىمۇ ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرگەن. جىددىي مىللىي بوھران، كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقان سىنىپىي زىددىيەت ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر قىلغان. 1851 - يىلى گۇاڭشىدا پارتلىغان تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىي ھەركىتىدىن باشلاپ، 1854 — 1856 - يىللىرىغىچە گۇيجۇدىكى مياۋزۇ، يۈننەندىكى خۇيزۇ، ئەنخۇي، خېنەن قاتارلىق جايلاردىكى نيەنجۈن قوشۇنى (قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى)، 1861 - يىلى شەنشى، گەنسۇدىكى خۇيزۇلار ئارقا - ئارقىدىن چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت مىقياسىدا غايەت زور ئىنقىلاب بورىنى كۆتۈرۈلگەن. مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى شىنجاڭ رايونىدىمۇ ئوخشاشلا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان. 1864 - يىلى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ مەملىكەت بويىچە ئەۋج ئالغان خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ ئىلھامى بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 1864 - يىلىدىكى قوزغىلىڭى XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى. لېكىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى باشلىنىش بىلەنلا، بىر مۇنچە ئېغىر ئاجىزلىق ئاشكارىلانغان. ئەمگەكچىلەر كۈرەش جەريانىدا روشەن كۈرەش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، كۈچلۈك رەھبەرلىك شەكىللەنمىگەن، يەرلىك فېئودال پومېشچىكلار ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر دەسلەپتىلا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا كىرىۋالغان ۋە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالغان. فېئودال پومېشچىكلار ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش» ۋە «دىنىي قوغداش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئاممىنى ئالداپ ۋە ئەخمەق قىلىپ، خەلق قوزغىلىڭىنىڭ كۈرەش تىغىنى كەسكىن سىنىپىي زىددىيەتتىن مىللىي زىددىيەتكە بۇرىۋەتكەن ھەم خەلق قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، فېئودال پومېشچىكلار بىلەن دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىرلىشىپ دىكتاتورا يۈرگۈزىدىغان فېئوداللىق ھاكىمىيەت قۇرۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ خاراكتېرى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ئەمگەكچى خەلق چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭكىدىنمۇ دەھشەتلىك ھەم ۋەھشىيانە زۇلۇم ۋە قۇللۇق ئىچىدە قالغان.

ھەر قايسى جايلاردىكى فېئوداللار گۇرۇھى ئۆزلىرىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ۋەكېڭەيتىش ئۈچۈن، شىددەتلىك ئىچكى كۈرەش ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ رايونىدا ئېغىر بۆلگۈنچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتى يۈز بەرگەن. بۇ ئەھۋال چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بېسىپ كىرىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. 1865 - يىلى ئەتىيازدا، قوقەند خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ياقۇپبەگنى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم شەھەر قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە ئەۋەتكەن. ياقۇپبەگ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئاتالمىش «ھىندىستان چېگرا مۇداپىئەسى سىستېمىسى» دېگەن مۇستەملىكىچىلىك پىلانىنى پائال يۈرگۈزۈۋاتقان ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، ئۇ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى يەتكۈزۈپ بەرگەن كۆپ مىقداردىكى ھەربىي ياردەمگە تايىنىپ، شىنجاڭدىكى يەرلىك فېئوداللار گۇرۇھىنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى تېزلا يوقىتىپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى پۈتكۈل جايلارنى ۋە شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىر قىسىم جايلارنى ئىشغال قىلىپ، ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى قۇرغان. ياقۇپبەگ

تۈرلۈك شەرتنامىلەر ئارقىلىق، شىنجاڭنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مۇستەمـ
لىكىسىگە ۋە ئوسمان تۈركلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئەنگلىيە بىلەن جىددىي مۇستەملىكە رىقابىتى
ئېلىپ بېرىۋاتقان چاررۇسىيە ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تاجاۋۇزچىلىق
ھەرىكىتىنىڭ ئۇڭۇشلۇق كېتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق بىئاراملىق ھېس قىلغان.
1871 - يىلى يازدا، ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ
شىمالغا قاراپ كېڭىيىش تەييارلىقىنى كۆرۈۋاتقاندا، چاررۇسىيە ئالدىراپ-
سالدىراپ ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىپ، «ۋەكالىتەن قايتۇرۇۋېلىپ ۋەكالىتەن
ساقلاپ تۇرۇش» نامى بىلەن ئىلىنىڭ كەڭ جايلىرىنى بىۋاستە ئىشغال قىلىۋال-
غان ھەم ياقۇپبەگ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بەش
ماددىلىق روسىيە - ياقۇپبەگ سودا شەرتنامىسىنى ئىمزالىغان. شۇنىڭ بىلەن،
پۈتكۈل شىنجاڭ رايونى ئەنگلىيە، روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ چۆنتىكىدىكى نەرسىگە
ئايلىنىپ قالغان. ئەسلىدە يەرلىك فېئوداللارنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭكىدىنمۇ
ئېغىر بولغان دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ بويىنىغا يەنە چەتئەل جاھانگىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ
ۋەھشىلەرچە قۇل قىلىشىدەك ئېغىر ئاسارەت زەنجىرى سېلىنغان.

1875- يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىپ چەتئەللەرنىڭ تاجاۋۇز-
چى كۈچلىرىنى يوقىتىشنى قارار قىلغان، بۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈچـ
لۈك بېسىمى ئاستىدا قوللىنىلغان ئاكتىپ تەدبىر ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى،
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىچىدە كەسكىن مۇنازىرە، يەنى
ئاتالمىش «دېڭىز مۇداپىئەسى» بىلەن «قورغان مۇداپىئەسى» تالاش-تارتىشى بولغان.
لى خۇڭجاڭ ۋەكىللىك قىلغان بىر گۇرۇھ شىنجاڭدىن كېچىپ، مەخسۇس دېڭىز
ياقىسىدىكى رايوننىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشنى قۇۋۋەتلىگەن،
بۇ ماھىيەتتە تەسلىمچىلىك ئىدى؛ زوزۇڭتاڭ ۋەكىللىك قىلغان بىر گۇرۇھ دېڭىز
مۇداپىئەسى بىلەن قورغان مۇداپىئەسىگە بىردەك ئەھمىيەت بېرىشنى تازا
قۇۋۋەتلىگەن، ئۇ چىڭ ئوردىسىغا سۇنغان مەكتۇپىدا شىنجاڭنى قوغداشنىڭ
مۇھىملىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: «موڭغۇلنى قوغداش ئۈچۈن
شىنجاڭغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، پايتەختنى قوغداش ئۈچۈن موڭغۇلنى
قوغداش كېرەك ...... ئەگەر شىنجاڭ مۇستەھكەم بولمىسا، موڭغۇل قەبىلىلىرىدە
خاتىرجەملىك بولمايدۇ. شەنشى، گەنسۇ، سەنشى چېگرىلىرى ھەر ۋاقىت تاجاۋۇز-
چىلارنىڭ كىرىشىدىن ئەنسىرەپلا قالماي، مۇداپىئە قىلىپمۇ بولالمايدۇ، جۇڭلى

(خېبېي) ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوندىمۇ خاتىرجەملىك بولمايدۇ. ۋەھالەنكى ھازىرقى ئەھۋال ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، روسىيىلىكلەر دائىرىسىنى كۈندىن-كۈنگە كېڭەيتىپ، غەربتىن شەرققە ئۇن نەچچە مىڭ چاقىرىم ئىلگىرىلەپ، شىمالىي چېگرىمىزغا تۇتاشتى، پەقەت ئوتتۇرىدا موڭغۇل قەبىلىلىرى توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئوتتۇرىنى يىراقتا قويۇپ، تۇيۇقسىز ئوت كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھەر ئىشتا ئالدىن تەييارلىق كۆرمەي بولمايدۇ» («مەرىپەتلىك گۇڭ زوزوڭتاڭ ئەسەرلىرى. خانغا يوللانغان مەكتۇپ»قا قاراڭ). زوزوڭتاڭنىڭ پىكرى بىلەن لى خۇڭجاڭنىڭ تەسلىمچىلىكى روشەن سېلىشتۇرما بولغان. چىڭ ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈندىن- كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ساداسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاخىر زوزوڭتاڭنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىش قارارىغا كەلگەن ھەم زوزوڭتاڭغا شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشى ئۈچۈن بۇيرۇق بەرگەن.

زوزوڭتاڭ بۇيرۇققا بىنائەن قوشۇننى باشلاپ شىنجاڭغا كىرگەندە، ئۇيغۇر مىللىتى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە ئاكتىپ ياردەم بېرىشىگە ئېرىشكەن. مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى، ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ تارىخى ئەسىرى «تارىخىي ئەمنىيە» ۋە «تارىخىي ھەمىدى» دە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ دەھشەتلىك قۇل قىلىشى ۋە تالان-تاراج قىلىشى بىلەن ئېغىر ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانلىقىنى، زوزوڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇنغا نەقەدەر تەشنا بولۇپ تۇرغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇلۇغ خان (ئىلاۋە: چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانىنى دېمەكچى) نىڭ زەپەر ئەسەرلىك چېرىكلىرى تۇرپاندىن چىقىپ قەشقەرگىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزگىچە، بىرەر ئادەم ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ ئوق چىقارمىدى. بەلكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ مۆتىۋەرلىك ئەئيانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت ئىكراملىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، قولىدىن كېلىدىغانلا خىزمەتكارچىلىقنى كۆرسەتتى» («تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 606- بەت). چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىم ياڭ مىشيۇ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلارنى تىنجىتىش تەپسىراتى» دېگەن كىتابىدىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئاقسۇغا يېتىپ بارغاندا، «شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئون نەچچە تۈمەن ئادەم چىڭ قوشۇنىنىڭ كېلىشىنى

كۆتۈپ شەھەرنى ساقلاپ تۇرغان» دېگەن. ياقۇپبەگ مەغلۇپ بولۇپ كورلىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، ئىككىنچى ئوغلى ھەققۇل بەگ ئاتىسىنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ كۇچاغا قېچىپ كېتىپ بارغاندا، شۇ يەردىكى غەزەپلەنگەن ئامما تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ پاكىتلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشقا كەلگەن چىڭ قوشۇنىنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسى مۇشۇنداق پائال قوللاپ، ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا، زوزوڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى كۈچىنى تەل - تۆكۈس يوقىتىپ، ئىلىدىن باشقا كەڭ رايوننى قايتۇرۇۋالغان. يەنە 1881 - يىلى، جاپالىق كۆرەش ئارقىلىق ئىلىنى روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالغان.

زوزوڭتاڭنىڭ بۇيرۇق بويىچە شىنجاڭغا قوشۇن تارتىپ كېلىشتىكى مەقسىتى چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئىدى. شۇڭا كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئاساسەن چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قاراتقان. بۇ ئۇنىڭ ئىچكى رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى باستۇرغانلىقىدىن ماھىيەتتە پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، زوزوڭتاڭ شىنجاڭدا ئىلگىرىكى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ خەلقىگە مۇلايىم، كەڭچىلىك سىياسەت قوللانغان. بۇ توغرىدا مۇللا مۇسا سايرامى چىڭ قوشۇنىنىڭ ئىنتىزامى قاتتىق بولۇپ، ئاممىنى تەپرىقچىلىققا سېلىشنى ۋە بىگۇناھ ئادەملەرنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلغانلىقى جەھەتتە توختىلىپ: «خاقانى مەنسەپدارلىرى ھەرقايسى شەھەرگە كىرگەندە، «يامان ئادەملەر بولسا بىزگە چىقىرىپ بېرىڭلار، بىز ئۇلارنى ئىبرەت ئۈچۈن تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزىمىز» دەپ يارلىق قىلدى، يۇرت ئۇلۇغلىرىنىڭ رەسلى ياخشى ئەرباپلار «يامان ئادەملەر ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ قورقۇپ، تۇرالماي قېچىپ كېتىشتى، ئوبدان ئادەملەر ئۆز جاي - ماكانلىرىدىن قوزغالمىدى» دېگەن گەپلىرىنى ماقۇل تۇتتى. مۇبادا يامان ئادەم ئىدى» دەپ مەلۇم قىلسا، بۇلارنىڭ جازاسىنى بەردى. لېكىن، ئۆزىچە بىرەر ئادەمنى ياخشى ياكى يامان دېمىدى. مەيلى مۇجاۋۇر ياكى مۇساپىر ۋە ياكى ئەسكەر بولسۇن، ئۇلارغا ھېچقانداق دەخلى قىلمىدى. بەلكى رىتىنچ بولۇپ پۇقراچىلىق قىلىڭلار، ئوبدان بولۇڭلار، كۆڭلۈڭلەرنى يامان قىلماڭلار، ئۇلۇغ خان سىزلەرنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يارلىق چۈشۈرگەن، دەپ ھەر قايسى شەھەر ۋە سەھرايى كەنتلەرگە گـۇۋكىسى خەتلەرنى چاپلىدى، چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەم بۇنى ئوقۇپ خاتىرجەم بولدى» دېگەن («تارىخى ھەمىدى»، 606ـ، 607ـ بەتلەر). بۇنىڭ ئەكسىچە، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە ئىنتايىن ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق ۋە دەھشەتلىك تالان ـ تاراج قىلغان. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخلىرىنىڭ ھەممىسىدە بايان قىلىنغان. مەسىلەن، «تارىخى ھەمىدى»دە ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ۋاقىتتىكى زوراۋانلىقلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان: ياقۇپبەگ يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇلاردىن مىڭدەك كىشى ئۇرۇش ئوتىدا نابۇت بولغان؛ يەركەنگە ھۇجۇم كىرگەندە، «ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن بالا ـ قازادەك قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۇشتۇمتۇت تۆت تەرەپتىن قىقاس ـ سۈرەن ساداسىنى ياڭرىتىپ يېتىپ كېلىپ، شۇنداق چاپ ـ چاپ قىلدىكى، كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرى خۇددى دېھقانلارنىڭ زىرائەتكاھىدىكى ئۆنچىلەردەك يەر يۈزىدە توپ ـ توپ ۋە دۆۋە ـ دۆۋە بولۇپ يېتىپ قالدى. بۇلارنىڭ قانلىرى بىلەن قارا تۇپراقنىڭ يۈزى خۇددى دەشتى دالادا ئۆسكەن لالىزاردەك قىپقىزىل بولۇپ كەتتى»، خوتەنگە ھۇجۇم كىرگەندە، «ھەممە ئەسكەرلەر قىرغىنغا چىقىپ، چاپ ـ چاپ قىلىپ ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىت، ئېشەك، مۈشۈكلىرىگىچە بولغان جانلىقلىرىنى ئۆلتۈرۈپ جانسىز قىلدى». قىرغىن قىلىنغان ئاممە ئەللىك مىڭدىن ئاشقان. چار روسىيىنىڭ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى قىلمىشلىرى ياقۇپبەگنىڭكىدىنمۇ قېلىشمايدۇ. ھەتتا 1881 ـ يىلىغا كەلگەندە، روسىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن قورغاسنىڭ غەربىدىكى كەڭ مۇنبەت زېمىننى ۋە ئاتالمىش «ۋەكالىتەن قايتۇرۇۋېلىپ ۋەكالىتەن ساقلاپ تۇرۇش» نىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خىراجىتى ۋە روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ «نەپەقە خىراجىتى» ئۈچۈن توققۇز مىليون سەر مىقداردا كۆپ پۇل ئېلىۋالغان، ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغاندا، تارىختا كەم ئۇچرايدىغان ۋەھشىيانە ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، يۈز مىڭدىن ئارتۇق يەرلىك ئۇيغۇرنى مەجبۇرىي روسىيىگە ئاپىرىپ ئەمگەككە سالغان، بۇ بىگۇناھ ئەمگەكچىلەر يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ئېغىر سەرگەردانلىق ئازابىنى تارتقان.

زوزۇڭتاڭنىڭ تۆھپىسى بىلەن گۇناھىغا تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسىدا باھا بېرىش كېرەك. زوزۇڭتاڭ ئىچكى خەلق ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۇرۇشىدا مەيدانغا كەلگەن بىر تارىخىي شەخس، ئۇ فېئودال ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنىڭ قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە، چوڭ جاللات زېڭ گوپەن بىلەن بىرلىكتە

تەيپىڭ تىيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان، كېيىن يەنە ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ نيەنجۈن قوشۇنى (ئەنخۇي ۋە خېنەن ئەتراپىدا ئۆتكەن قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى) ۋە شەنشى، گەنسۇ خۇيزۇلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرغان. ئۇ ئۆمرىدە پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتايىن ئېتىبارلىق (زېڭ گوپەندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان) ئەلتىپاتىغا ئېرىشىپ، پومېشچىكلار سىنىپى تارىخشۇناسلىرىنىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولغان. لېكىن، بىز بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ شىنجاڭدا كۆرسەتكەن نەتىجىسىنى كۆمۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ قەتئىيلىكى، كەسكىنلىكى ۋە ھەربىي قوماندانلىق ئىقتىدارى بىلەن ئەسلىمچىلەرنىڭ تۈرلۈك توسقۇنلۇقلىرىنى ۋە ھەر جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىر كۈچىنى غەلىبىلىك ھالدا يوقىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جاھانگىرلىك ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك قۇل قىلىشىغا ئۇچراشتەك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇنى ۋەتەن ئۈچۈن بىر مۇھىم تۆھپە كۆرسەتكەن دېمەي بولمايدۇ. بۇ تۆھپە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچى كۈچىنى يوقىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق. بىزنىڭ زوزۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭدىكى قىلمىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىمىز ھەرگىز ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر فېئودال ھۆكۈملىق تۈزۈمىنى قوغدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل تەبىئىتىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولغان دېگەنلىكىمىز ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇددىئاسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى قىلمىشى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئوبيېكتىپ نەتىجىنىڭ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

(ئەسلىدە «بۇرھان شەھىدى تاللانما ئەسەرلىرى» گە كىرگۈزۈلۈپ. مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)

تەرجىمە قىلغۇچى: روزى تۇردى.

# شىنجاڭ غەربىي خەن دەۋرىدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ زېمىنى

گوپىڭلياڭ

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى دەپ تومتاقلا ئېيتىلسا، بۇنىڭغا قارشى چىقىدىغانلار يوق، چۈنكى ھازىرقى رېئاللىق ئەنە شۇنداق. ئەمدى كونكرېت قىلىپ، شىنجاڭ قاچاندىن باشلاپ جۇڭگونىڭ زېمىنى بولغانلىقى ئۈستىدە سۆزلىگەندە، بۇ ھەقتىكى ئېيتىشلار ئوخشاش ئەمەس. بىز ئېيتىمىزكى، شىنجاڭ ـ غەربىي خەن دەۋرىدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ زېمىنى؛ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر بولسا بۇنىڭدىن پۈتۈنلەي باشقىچە گەپلەرنى قىلىشىدۇ. ئەمىسە، زادى كىمنىڭ توغرا؟ ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم سۇبيېكتىپ ئارزۇ ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ پاكىت. شۇنداق ئىكەن، بىز تۆۋەندىكى مۇنۇ تارىخىي پاكىتلارغا نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى:

پادىشاھ ۋۇدى، جاۋدى دەۋرلىرىدە، خەن سۇلالىسى شىنجاڭ بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە بارغانسېرى يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭنىڭ خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇشى ئۈچۈن ئوبدان شارائىت ھازىرلىغان؛ لېكىن بۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزىلا شىنجاڭنىڭ خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ چاغدا خەن سۇلالىسى شىنجاڭنى تېخى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشنى يولغا قويمىغان، دېمەك، ئۇ چاغدا خەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقى شىنجاڭدا تېخى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈلمىگەن. پادىشاھ شۈەندى زامانىدا، ئوبيېكتىپ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، خەن سۇلالىسى ئاۋۋال كۇئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە پىشامشاننىڭ غەربىنى قوغدىغۇچى ئەلچى، جەنۇبىي يول قورۇقچىسى تەسىس قىلدى. مىلادىدىن ئاۋۋالقى 60 ـ يىلى، ھۇنلارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى باتىسقان خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى پىشامشاننىڭ غەربىنى قوغدىغۇچى ئەلچىنى ئۆزگەرتىپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىن بەگ مەھكىمىسى (دۇخۇفۇ 都护府) تەسىس قىلدى، مەھكىمىنىڭ ئورنى ئورىرى شەھىرى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ تەۋەسى) دە بولدى.

غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى غەربىي يۇرتتىكى 36 ئەل ۋە ئۆيسۈن ئېلى قاتارلىق شىمالىي شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. مىلادىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغا كەلگەندە، ۋاڭ ماڭنىڭ چېگرا رايونلارغا قاراتقان خاتا سىياسىتى سەۋەبىدىن، غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالغانىدى، لېكىن شەرقىي خەن دەۋرىگە كەلگەندە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى بىلەن قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كېيىنكى چاغلاردا مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن، غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ئىككى قېتىم چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا تەسىس قىلغان باشقا ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى بىلەن بىرلىكتە تاكى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا قەدەر ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. «خەننامە» دە غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ زور تارىخىي ۋەقە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «خەن خاندانلىقىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى غەربىي يۇرتتا ئىجرا قىلىنىدۇ!» بۇ سۆز ناھايىتى مۇھىم، ئۇنىڭدا قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ فۇنكسىيىسى توغرا ئىنچىكىلىنىپلا قالماي، شىنجاڭنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەرلىك بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىكەنلىكى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن، خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئەمىر - پەرمانلىرى» نىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقى خەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكى ئەمەسمۇ؟

بىراق، خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئىدارە قىلىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ رايونلىرىنى ئىدارە قىلىشتىن ناھايىتى زور پەرقلىنەتتى، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ رايونلىرىدا ئايماق (ۋىلايەت) - ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، شىنجاڭ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بولسا ئەسلىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا يول قويۇلغان. غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى 36 ئەل بولسۇن، كېيىنكى چاغدىكى 50 نەچچە ئەل بولسۇن ۋە ئۆيسۈن قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى ئەللەر بولسۇن، ئۇلار ئۆز رايونلىرىغا، ئۆز مىللەتلىرىگە بۇرۇنقىدەكلا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئۇلارنىڭ خان، بەگ، كۈنبېي، ياببغۇلىرى بۇرۇنقىدەكلا خان، بەگ، كۈنبېي،

يابغۇ بولىۋەرگەن، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۈزۈممۇ بۇرۇنقىدەك تۇرىۋەرگەن. ئىلگىرىكىدىن پەرقلىنىدىغىنى پەقەتلا شۇكى، ئۇلار خەن خاندانلىقى ئوردىسىنىڭ ۋە غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنغان، خان، بەگ، كۈنبېي، يابغۇلار خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن نامغا بېغىي تاقايدىغان بولغان، قىسقىسى، خەن سۇلالىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكەن. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا قوللىنىلغان بۇ خىل سىياسەت ئەينى چاغلاردا ئۆزىگە قارىتىۋېلىش سىياسىتى دەپ ئاتالغان. بۇ سىياسەت ناھايىتى ئۈنۈملۈك سىياسەت بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن، يەرلىك بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى ساقلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھېسسىياتى، ئارزۇسى ۋە ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلىنغان، بۇ چېگرا رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، مىللەتلەر ئارا دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەتەنگە، ئوتتۇرا جۇڭگوغا بولغان ئىنتىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تولىمۇ پايدىلىق بولغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلغانلىقى شەك - شۈبھىسىز، مادامىكى، ئۇنداق ئىدارە قىلىش خەن سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا ئەگىشىپ يوقالغان بولسا، ئۇ ھالدا شىنجاڭ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن باشلاپلا جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىدى دېيىشكىمۇ بولمايتتى. نېمە ئۈچۈن ئۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ؟ چۈنكى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىدە مەلۇم ئىزچىللىق ۋە نىسپىي مۇقىملىق بولۇشى شەرت، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ تارىختا غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا غايىپ بولىدۇ، خالاس. مىلادىدىن ئاۋۋالقى VI ئەسىردە پارس ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغانىدى، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا شۇنىڭ بىلەنلا ئىران ۋە ئىراقنىڭ زېمىنىغا ئايلىنىپ ئالغىنى يوق؛ مىلادىدىن ئەۋۋالقى IV ئەسىردە قەدىمكى يۇناننىڭ ئىمپېراتورى ئالېكساندىر پېرسىيىنى، ئوتتۇرا ئاسىيانى ۋە ھىندىستاننى بويسۇندۇرغانىدى، لېكىن بۇ جايلارمۇ شۇنىڭ بىلەنلا ھازىرقى گرېتسىيىنىڭ زېمىنىغا ئايلىنىپ قالغىنى يوق؛ ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەب ئىمپېرىيىسىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ئۈچ قىتئەنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى، بۇ جايلارمۇ شۇنىڭ بىلەنلا ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىغا ئايلىنىپ قالغىنى يوق، بۇنىڭ سەۋەبى دەل ئەنە شۇ يەردە. جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتلىرى ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلارنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە

قىلىشى بولسا ئۇلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇنداق ئىدارە قىلىش
خەن سۇلالىسىدىن باشلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئىدارە قىلىشقا ئۆتكەن
دەۋرلەردىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتلەر ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار
ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇنىڭ ئىزچىللىقىنى ئېلىپ ئېيت-
قاندا، ھازىرغا قەدەر ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشتى، ئۇنىڭ مۇقىملىقىنى ئېلىپ
ئېيتقاندا، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى ۋە يېقىن زاماندىن بۇيان
روسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر تاجاۋۇز قىلغان زېمىن-
لارمۇ ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى سۇلالىلىرى باشقۇرۇپ كەلگەن دائىرە بىلەن
ئاساسەن ئوخشاش. تۆۋەندە بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە قىسقىچە
توختىلىپ ئۆتىمىز.

مىلادى III ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن VII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ئېلىمىزدە
ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن دەۋرمۇ بولغان، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر-
نىڭ ئىركىشىش دەۋرىمۇ بولغان، يەنە شۇنىڭدەك بىر قانچە خانلىقلار تەڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرمۇ بولغان. بۇنداق سىياسىي ۋەزىيەت ئاستىدا،
مەركىزىي ھۆكۈمەتلەر ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار شىنجاڭغا
قارىتا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە داۋاملىق
يۈرگۈزۈپ كەلگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان غەربىي
يۇرت دورغابى، چېرىكچى بەگ دېگەن ئەمەللەر ساۋۇي، غەربىي جىن سۇلالى-
لىرىدىن تارتىپ تاكى IV ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغا قەدەر مەۋجۇت بولغان،
ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى تۇرپاندىن لوپنۇر ئەتىراپلىرىغىچە بولۇپ، باشقا ئاز-
سانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرى بىلەنمۇ ئالاقە باغلىغان، قېزىۋېلىنغان غەربىي
يۇرت دورغابى لى بونىڭ خەت - چەكلىرى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
چىن شىخۇاڭنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە قوللانغان مۇھىم تەد-
بىرى — ئايماق - ناھىيە تۈزۈمى مىلادى 327 - يىلى شىنجاڭدا پەيدا بولۇپ،
قۇجۇ ئايمىقى تەسىس قىلىنغان. قۇجۇ ئايمىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يۈز
يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ ھازىرقى گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاي-
ماق - ناھىيىلەرگە ئوخشاش ئىزچىل تۈردە ئوخشاش بىر خاندانلىقنىڭ باشقۇ-
رۇشىدا بولۇپ كەلگەن. قۇجۇ ئايمىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تەسىس قىلىنغان
ئايماق - ناھىيىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاساسلىق ئاھالە ئىچكى رايونلاردىن
بۇ يەرگە ئۆزلەشتۈرۈپ ئېكىنچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەسكەرلەر ۋە
كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىللىي تەركىبىدىن ئېلىپ ئېيت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانىدا، كۆپچىلىكى خەنزۇلار ئىدى. شىمالىي ۋېي خاندانلىقى قارا شەھەر، پىشامشان قاتارلىق جايلاردا ھەربىي قورۇق تەسىس قىلىپ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئامبار ياساپ، شىمالىدىكى جۇجانلار بىلەن، جەنۇبتىكى جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالاشقان. سۇي سۇلالىسى ئوتتۇرا جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا يەنە ئېۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇل) ئايىمىقى، پىشامشان (ھازىرقى لوپنۇرنىڭ جەنۇبى) ئايىمىقى، چەرچەن ئايىمىقى قاتارلىق ئايماقلارنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭدا ئايماق-ناھىيە تۈزۈمىنى راۋاجلاندۇرغان. بۇ مەزگىللەردە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرى، مەسىلەن، ئۇيسۇن (ھازىرقى ئىلى)، يوپبان (ھازىرقى ئىلى)، قاڭقىل (ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ)، تېلې (ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ)، غەربىي تۈرك (ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ)، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن)، گېپەنتو (ھازىرقى تاشقورغان)، سۇلې (ھازىرقى قەشقەر)، كۇسەن (ھازىرقى كۇچا)، كىنگىت (ھازىرقى قارا شەھەر) قاتارلىق جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرى ۋە قوچۇدىكى خەنزۇلار ھاكىمىيىتى بولارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ساۋۋېي، غەربىي جىن، شىمالىي لياڭ، ئالدىنقى چىن ھەمدە شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر، سۇي سۇلالىسى قاتارلىق خاندانلىقلار بىلەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن، مەسىلەن، ئەمەل-ئۇنۋان ئېلىش، پادىشاھ-خانلار ئۆزلىرى بىۋاستە بېرىپ ياكى ئەلچى ئەۋەتىپ خاقانغا سوغا-سالام يوللاش، ئوغۇللىرىنى ئوردىغا «بارىمتاي» تۇرغاق بالا قىلىپ ئەۋەتىش، خاندانلىق تەرىپىدىن بېرىلگەن دەستەك، گۇۋاھنامىلەرنى قوبۇل قىلىش ھەم ئىشلىتىش ۋە باشقىلار. مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالدىنقى چىن خاندانلىقى لۈ گۇاڭنى كۇسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەندە، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر ئىلگىرى خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن دەستەك، گۇۋاھنامىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، لۈ گۇاڭدىن ئالدىنقى چىن خاندانلىقىنىڭ دەستەك، گۇۋاھنامىسىگە ئالماشتۇرۇۋالغان. «دەستەك» — ئەلچىلىك (يالۋاچلىق) سالاھىيىتىنىڭ بەلگىسى، «گۇۋاھنامە» — قوۋۇق ۋە قاراۋۇلخانىلاردىن ئۆتۈش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىسپات خېتى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھوقۇق سىمۋولى ئىدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ داڭلىق قاغانى نىزۇق چۇلۇ قاغان ئۆزى بېرىپ پادىشاھ ياڭدى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) دە قېلىپ، سۇي سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى بولغان. يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلارنىڭ بەزىلىرى يازما خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىپلا

قالماستىن بەلكى قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە يازما ھۆججەتلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن X ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دۆلەتنى چوڭ بىرلىككە كەلتۈرگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى شىنجاڭ رايونىنىڭ جۇڭگو دۆلىتى بىلەن بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى يېڭى باسقۇچقا سىلجىتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۈرۈمچى، سانجى، قۇمۇل، تۇرپان رايونىدا بېشبالىق، ئېۋۈرغۇل، يۇرپان (شىجۇ) دىن ئىبارەت ئۈچ ئوبلاست (ئايماق) تەسىس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئايماق ـ ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان جايلار ئىلگىرىكىدىن كېڭەيدى. ئۇدۇندىكى ۋىسا جەمەتى خانلىقى، سۇلېدىكى پېي جەمەتى خانلىقى، كۇسەندىكى بەي جەمەتى خانلىقى، قاراشەھەردىكى يۇ جەمەتى خانلىقى، غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى، تۈركەش، قارلۇق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەتلىرى يەنىلا ئۆز رايونى، ئۆز مىللىتى، ئۆز قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاڭ خاندانلىقى ئوردىسىنىڭ ھەم ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى، بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى شەرت ئىدى. تاڭ خاندانلىقى بۇ رايونلار، مىللەتلەر، قەبىلىلەردە قورۇقچى بەگ مەھكىمىلىرى، تۇتۇق بەگ مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىپ، شۇ رايون، شۇ مىللەت، شۇ قەبىلە باشلىقلىرىنى قورۇقچى بەگ، تۇتۇق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. تاڭ خاندانلىقىنىڭ سىياسەت، ئەمر ـ پەرمانلىرىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلۈشى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا، مەدەنىيىتىگە مۇھىم ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، جۇڭگو تارىخىدا يەنە بىر نەچچە خانلىقلار تەڭ مەۋجۇت بولغان ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن شىمالىي سۇلالىلەر تىركىشىپ تۇرغان ۋەزىيەت شەكىللەندى، شۇ چاغدىمۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرى ئوتتۇرا جۇڭگودىكى خانلىقلار بىلەن ئىلگىرىكىدەك ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەت — بېقىنىش مۇناسىۋىتىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلاپ كەلدى. قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قارا خانىلار خانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇدۇندا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، لياۋ سۇلالىسىگە قاراشلىق ئۇلۇغ خان مەھكىمىسى، خان مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قۇچۇ ئىدىقۇتى، ئۇدۇن خانى ۋە لياۋ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارلار باشقۇرغانىدى؛ قۇچۇ ئىدىقۇتى ۋە ئۇدۇن خانى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىنى تاغىمىز دەپ، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ جىيەنى دەپ ئاتىدى، بۇنىڭدا

تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى بولغان قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئېتىراپ قىلىنىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە تەۋە ئىكەنلىكىمۇ بىلدۈرۈلگەن. كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، قارا خانىلار خانلىقى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگودىكى خاندانلىقنىڭ مۇناسىۋىتى گويا يىراقتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن خاقان ئۆزىنىڭ ئۇنۋان نامىغا كۆپ ھاللاردا «تاۋغاچ خان» دېگەن سۆزنى قوشۇپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن؛ X ئەسىردە پارسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن مەشھۇر ئەسەردە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەرنى جۇڭگوغا تەۋە جاي دەپ يازغان؛ XI ئەسىردە ئەرەبچە يېزىلغان مەشھۇر ئەسەر — مەھمۇد قەشقىرىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، چىن (جۇڭگو) نى يۇقىرى چىن، ئوتتۇرا چىن، تۆۋەنكى چىن دەپ ئۈچ قىسىمغا ئايرىغان، قەشقەرنى تۆۋەنكى چىن دەپ ئاتىغان، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قارا خانىلار خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى يەنى ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىنى شۇ چاغدىكى كىشىلەر جۇڭگوغا تەۋە دەپ قارىغان. غەربىي لياۋ (قاراقىتانلار ) قاراخانىلار خانلىقىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئالغانلىقى ئەمەلىيەتتە، لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ داۋاملىشىشى، كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى ئىدى.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋام قىلغان موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلەت زېمىنىمۇ شىنجاڭنىڭ پۈتۈن دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بېشبالىقتا ۋازارەتنىڭ تەسىس قىلىنىشى جۇڭگونىڭ ۋازارەت تۈزۈمى دەسلەپتىلا شىنجاڭدا يولغا قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى كېيىنكى چاغلاردا ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئومۇمىي گەۋدىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. غەربىي شىمالدىكى خانلارنىڭ توپىلاڭلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى (قۇبىلاي) ئۆزىنىڭ بىر ئوغلىنى ئالمىلىق (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە) قا بېرىپ قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن. چاغاتاي خانلىقى يۈەن سۇلالىسى بىلەن كۆپ يىل ئۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چىڭگىزخان دەۋرىدە تۈزۈلگەن شۇ جاينىڭ نوپۇس دەپتىرىنى 1308 - يىلى، يۈەن سۇلالىسىگە يوللاپ بەرگەن، دېمەك ئۇ قىلچە مۇجمەلسىز ھالدا ئۆزىنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلدۈرگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسەت ۋە ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلۈشى شىنجاڭنىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن گوبىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار بىلەن شىنجاڭ يەنىلا ئەسلىدىكى موڭغۇل ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل قورۇقى تەسىس قىلدى ھەمدە بېشبالىق (كېيىن ئېلىبالىق ياكى موغۇلىستان، ياكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالغان) قاتارلىق يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بىلەن ئوتتۇغات، ئەمەل بېرىش ۋە سوۋغا - سالام قوبۇل قىلىش قاتارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاپ كەلدى. شۇ چاغلاردا سوۋغات ئېلىپ بارغان ئەلچىلەر ئېلىپ بارغان ئۇيغۇرچە يېزىلغان خەت - ئالاقىلەرنىڭ بەزىلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، جۇڭغارلار شىنجاڭدىكى ئاساسلىق كۈچ ئەمەس ئىدى، ئۇلارمۇ خېلى بۇرۇنلا چىڭ خاندانلىقىغا تارتۇق يوللاپ تۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان. چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنىڭ ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئىلىدا جاڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلدى، ھازىرقى ئۈرۈمچىدىن بارىكۆلگىچە بولغان جايلار گەنسۇغا قارايتتى. يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيەتلىرى، مەسىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىم بەگلىرى، قازاقلارنىڭ خان ياكى بېيلىرى، بۇيرۇت (قىرغىز) لارنىڭ بېيلىرى يەنىلا ئۆز مىللىتىنى، ئۆز رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى شۇلار ئارقىلىق يۈرگۈزگەنىدى. بۇ خىل بېقىندۇرۇش سىياسىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىرەچە بولسىمۇ داۋاملىق ئوبدان رول ئوينىغان، يەنى ھۆكۈمران مىللەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يۇمشىتىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بىر قەدەر پايدىلىق بولغان دېيىلسە، كېيىنكى چاغلاردا، يەنى يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، روسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئالدىدا، بۇ سىياسەت تولىمۇ ئاجىزلىقىنى كۆرسەتتى. تاجاۋۇزچىلار ئېلىمىزنىڭ زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندىمۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرى ئۆزىنىڭدىن بىخەۋەر بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس زېمىنىنى ئۆز مەيلىچە كونترول قىلىۋېلىشىغا يول قويغانىدى. كېيىن چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مىللەت خەلقىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن، تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنى يوقاتتى ۋە ئىلىنى روسىيىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالدى، ئاندىن ئۇزاق ئۆتمەيلا شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىگە قانداق قاراش كېرەك؟ بۇ مەسىلىدە، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا تۈپ ئىختىلاپ مەۋجۇت. بىز شۇنداق قارايمىزكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى — جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىگىلىك هوقۇقىنى ئۆز تېررىتورىيىسى ئىچىدە داۋاملىق يۈرگۈزگەنلىكىدۇر؛ بۆلگۈنچىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ قانداقتۇر چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى ئەمەس، بەلكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ، شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ «يېڭى زېمىنى»، «يېڭى چېگرا رايونى» غا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى ئىمىش. ئۇلار جۇڭگونىڭ تارىخىنى ئۆزگەرتىپ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى 1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى سۈرۈپ، 1644 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىغا ئاپىرىپ، شۇ ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايوننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكە بۇلاشتىن ئىبارەت تاجاۋۇزچىلىقى بىلەن تەڭ قاتاردا قويماقچى بولىدۇ. ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل، شىنجاڭ، شىزاڭ قاتارلىق چېگرا رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلار شۇنى دەستەك قىلىپ، كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بارلىق قوزغىلاڭ، مالىمانچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دەپ قاراپ، ئۇنى «خەلق قوزغىلىڭى» دەپ ئاتىشىدۇ، ھەتتا ئۇلار چەت ئەل تاجاۋۇزچىسى ياقۇپبەگنىمۇ «مىللىي قەھرىمان» دەپ كۆككە كۆتۈرىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغانلىقى جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى «مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى» نىڭ كۈچەيتىلگەنلىكى بولارمىش. بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىنجاڭ زېمىنىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ئۈستىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي گەپ سېتىشىدىكى مۇھىم نۇقتا دەل ئەنە شۇ. بۇ سەپسەتىلەرگە رەددىيە بېرىدىغان پاكىت يەنىلا تارىخنىڭ ئۆزى. بىرىنچى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا 1800 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت يۈرگۈزۈپ كەلگەن دۆلەت ئىگىلىك

ھوقۇقىنى داۋاملىق يۈرگۈزگەنلىكىدۇر. بۇنى باشقا دۆلەتلەرگە بېسىپ كىرىپ خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىدىغان مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا قانداقمۇ ئوخشاتقىلى بولسۇن؟ ئىككىنچى، يېقىنقى زامان مۇستەملىكىچىلىك بۇلاڭچىلىقى كاپىتالىزمنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلانما توپلىشى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوۋلايدىغان نىشانى — بازار، ئەمگەك كۈچى، خام ئەشيا، قول سودىسى ھەمدە بايلىق قاتارلىقلار. بىز مىكروسكوپنىڭ يارىدىمىگە تايانغان بىلەنمۇ، XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ئوۋلىغانلىقىنىڭ بىزەرچە ئىزىنىمۇ تاپالمايمىز. ئۈچىنچى، 1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو (جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ كەڭ رايونلىرى) دا ھەقىقەتەن مۇستەملىكىچىلەر پەيدا بولدى، بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئەمەس، بەلكى غەربتىكى كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەر ئىدى. قىسقىسى، شىنجاڭ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ زېمىنى، بۇ يەكۈننى ھېچكىممۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز يۈسۈپ



# 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدا بولۇپ كەلگەن كۈرەش

سەي جىنسۇڭ

شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بىرلىك. ئەمما بۆلگۈنچىلىكتىن ئىبارەت تەتۈر ئېقىم ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. چىڭ خاندانلىقى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن بۇيان، ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى ھەر ۋاقىت ئويلاپ كەلدى.

1759 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى) چىڭ خاندانلىقى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىۋىدى، خوجا ئەۋلادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن نەچچە يۈز كىشى قوقەند، بۇخارا (ھازىرقى سوۋېت قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسى) قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كەتتى، ئۇلار قوقەندتىكى فېئودداللارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھەر ۋاقىت ئويلاپ يۈردى. قوقەندنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى بىلەن خوجىلارنىڭ تىرىلىش ئارزۇسىنىڭ بىرلىشىشى خوجىلارنىڭ يېقىنقى زاماندىكى قالدۇقلىرىنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدىكى تۈپ سەۋەب. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند، بۇخارا قاتارلىق جايلار شىنجاڭدىكى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ تىرىلىش بازىسى ئىدى، قوقەندتىكى فېئودداللار ئۇلارنىڭ تىرىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئارقا تېرىكى ئىدى، خوجا ئەۋلادلىرى تىرىلىش - بۆلگۈنچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ قۇتراتقۇچىلىرى ئىدى، خوجا جەمەتى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن مۇرىتلار تىرىلىش - بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى كۈچلەرنىڭ تايانچلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ تىرىلىش - بۆلگۈنچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا ھامان چىڭ خاندانلىقىنىڭ ۋە بىدئەتچىلەرنىڭ ئەزگەنلىكىنى باھانە قىلاتتى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى-

نى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى چاقىرىق قىلاتتى. بىدئەتچىلەرگە قارشى «غازات» قىلاتتى. ھەر قېتىملىق «غازات» ئۇرغۇن غەيرىي مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈلىدىغان چوڭ قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت بولاتتى. 1759 - يىلدىن 1864 - يىلغىچە بولغان 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، خوجىلارنىڭ ئىرىلىش كۈچلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى تۆت قېتىمدىن ئارتۇق يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر چوڭراق قوراللىق ئىرىلىش ھەرىكىتى 1820 — 1828 - يىللىرىدىكى جاھانگىر خوجا توپىلىڭى، 1847 - يىلىدىكى يەتتە خوجا توپىلىڭى، 1857 - يىلىدىكى ۋەلىقان خوجا توپىلىڭىدىن ئىبارەت بولدى. 1865 - يىلى ياقۇپبەگنىڭ بېسىپ كىرىش ھەرىكىتىمۇ بۇزرۇكنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى.

1820 — 1828 - يىللىرى چوڭ خوجىلارنىڭ ئەۋلادى جاھانگىر خوجا جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپ قېتىم قوراللىق ئىرىلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان، 1826 - يىلىدىكىسىدە قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەندىن ئىبارەت تۆت شەھەرنى ئارتۇۋېلىپ، بولۇشىچە قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغان، «ئاسايىشتلەرنى خانىۋەيران قىلغان، ھەممىنى ئاياغ ئاستى قىلغان»، «ئۇنىڭ زوراۋانلىقى ئىلگىرىكى خوجىلارنىڭكىدىن مىڭ ھەسسە ئېشىپ كەتكەن» ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭىدىن قاتتىق بىزار بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان ياكى ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلغان ۋە ياكى خەۋەر يەتكۈزۈپ بەرگەن ياكى بولمىسا ئات - ئۇلاق، ئوزۇق - تۈلۈك، ئوت - چۆپ، ھارۋا، كىيىم - كېچەك ئىئانە قىلغان ياكى يول - كۆۋرۈك ياساپ بەرگەن، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ كەلگەن ياكى ئاشلىق، ھەربىي ئەشيا توشۇپ بەرگەن. جاھانگىر خوجا ئۈچىنچى قېتىم توپىلاڭ كۆتۈرگەندە شايادىن 300 ئۇيغۇر ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇش قىلغان. قارا شەھەردىكى تورغۇتلار، خوشۇت قەبىلىسىدىكى موڭغۇل چارۋىچىلار دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئۇيۇشتۇرۇپ قەشقەرگە كېتىۋېتىپ، ئاقسۇدىكى قۇمباش دەرياسىنى قوغداش جېڭىدە قالتىس قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، چىڭ ئوردىسىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى خوتەننىڭ ساختاۋاڭى، جاھانگىرنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ياقۇپنى ۋە 9 نەپەر بەگنى تىرىك تۇتقان؛ چىڭ ئارمىيىسى خوتەنگە قىستاپ كەلگەندە 2 مىڭ نەپەر دۈشمەننى قەتل قىلىپ، شەھەرنىڭ قوۋۇقىنى ئېچىپ، چىڭ ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالغان. ئاقسۇدىكى ئۇيغۇرلاردىن 2 مىڭ نەچچە يۈز كىشى چىڭ ئارمىيىسىنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا ئوزۇق-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇلۇك يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، 50 جىڭدىن ئاشلىق يۈدۈپ، مۇز داۋاننىڭ 14 پەللىسىنى ئاتلاپ 1 مىڭ 140 چاقىرىملىق خەتەرلىك يولنى بېسىپ، 10 مىڭ جىڭ ئاشلىقنى ئىلىدىن ئاقسۇغا ئېلىپ بارغان. كۇچا خەلقىدىن مىڭ ئادەم 200 هارۋا، 500 ئات، 1 مىڭ 500 كالا، مىڭ ئېشەك يىغىپ، ئۈرۈمچىدىن كېچە - كۈندۈز ئاشلىق توشۇپ، ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈپ بەرگەن. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۇ ئون نەچچە ئۆلكىسىدىن كېلىپ قەشقەردە تۇرۇۋاتقان سودىگەرلەرمۇ توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان، بەزىلىرى قۇربان بولغان. جاھانگىر خوجىنىڭ ئىشەنچىلىك كىشىلىرى ئات، ئادەم يىغىش ئۈچۈن قازاق، قىرغىزلارنىڭ ئارىسىغا كەلگەندە، بەزىلىرى تۇتۇۋېلىنغان، بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن. جاھانگىر خوجا قېچىپ كېتىۋاتقان چاغدا، كېچە - كۈندۈز دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغان، چۈنكى ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست قىلىش ۋەقەسى كۆپ قېتىم يۈز بەرگەنىدى. 1828 - يىلى، جاھانگىر خوجا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولۇپ، نىجات يولى تاپالماي قارا تېكە تېغىغا قېچىپ كەتكەن، ئارمىيە ۋە خەلق تاغنى چۆرىدەپ ئوسۇپ قاتتىق هەيۋە قىلغان. جاھانگىر خوجا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن قىلىچىنى چىقىرىپ تۇرغاندا، قوماندان خۇجى بىلەن ماجانا سۇڭغا مۇسۇلمىنى شىبە باتۇرلۇق بىلەن بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالغان، نەتىجىدە، ئۇ بېيجىڭغا يالاپ ئاپىرىلىپ ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغان.

1847 - يىلى يۈسۈپنىڭ ئوغلى مۇهەممەت ئىمىن باشچىلىقىدىكى 7 خوجا مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر يىغىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قىستىغان، ئۇلار قەشقەر شەهىرىدە تىجارەت قىلىۋاتقان قوقەندلىكلەرنىڭ ماسلىشىپ بېرىشى ئارقىسىدا شەهەرنى ئىشغال قىلغان. ئۇلارنىڭ شەهەرگە كىرىپ بىرىنچى قېتىم قىلغان ئىشى بارلىق خەنزۇ سودىگەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاش، خوتۇن - قىزلىرىنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت بولغان. ئىسيان 3 ئاي (7 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 - ئاينىڭ بېشىغىچە) داۋام قىلغان. قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، مارالبېشى قاتارلىق جايلار بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغان، قەشقەر، يېڭىسار، ئاهالىسىدىن 37 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قوقەندكە ئېلىپ كېتىلگەن، مۇهەممەت ئىمىن بۇلاپ - تالاپ قولغا چۈشۈرۈۋالغان كۆمۈشلىرىنى 16 تۆگىگە ئارتىپ چېگرىدىن چىقىپ كەتكەن.

يەتتە خوجا توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، تىرىلىش كۈچلىرىنىڭ قوراللىق توپىلىڭى ئۈزۈلۈكسىز داۋام قىلغان. بۇنىڭ چوڭراقلىرى 1852 - يىلى 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە تەۋەككۈل خوجا (جاھانگىرنىڭ جىيەنى) نىڭ قەشقەر،

ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا يولنى توسۇپ، كەنتلەرنى قامال قىلىپ ئېلىپ بارغان تۆت قېتىملىق قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. قوقەند سودىگەرلىرى ئادەتتە بويىچە توپىلاڭچى باندىتلارغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ بەرگەن.

1857 - يىلى، ۋەلىخان خوجا (جاھانگىر خوجىنىڭ جىيەنى) توپىلىڭى يۈز بەرگەن. ۋەلىخان خوجا قوقەندلىك سودىگەرلەرنىڭ ۋە يەرلىك خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ماسلىشىپ بېرىشى ئارقىسىدا، قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، مارالبېشى، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا تېررورلۇق ئاساسىدىكى يانچى خوجا يىغىلىرى ھۆكۈمرانلىقى ۋە دىنىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىپ، مىسلىسىز ئېغىر باج - سېلىق ۋە ھاشار سېلىقىنى يولغا قويغان. ئاياللارنى پەرەنجە ئارتىپ مەستۇرە بولۇشقا قىستىغان، مەستۇرە بولمىغانلارنى دەررە بىلەن ئۇرغان ۋە چېچىنى كېسىۋەتكەن، ئالتە ياشتىن ئاشقان ئوغۇل بالىلارنى بېشىغا سەللە يۆگەشكە، ھەر كۈنى مەسچىتكە بېرىپ بەش ۋاخلىق ناماز ئوقۇشقا مەجبۇر قىلغان. ۋەلىخان ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ھەرىكىتى قىلىۋالغان، ئۇنىڭ ئالدىدا كىچىككىنىلا تەنتەكلىك قىلىپ قويغان كىشى بىر ئېغىز بۇيرۇق بىلەنلا ئۆلتۈرۈلەتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ بېشى تۆت يەرگە دۆۋىلەنگەن، ھەر بىر دۆۋىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى جاڭ تۆتچى كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئادەم بېشى مۇنارى ھاسىل قىلىنغان. 9 - ئايدا، ئۇ 15 مىڭ نەچچە يۈز ئادەمنى تەھدىت ئاستىغا ئېلىپ، 40 نەچچە ئاتقا ۋە مىڭدىن ئارتۇق تۆگىگە مال - مۈلۈك ئارتىپ قوقەندگە قېچىپ كەتكەن. ۋەلىخاننىڭ توپىلىڭى چار روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى مىنىستىرلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، شۇڭا ئۇلار بۇ توپىلاڭنى قوللاش قارارىغا كېلىپ «قەشقەرنى جۇڭگودىن ئايرىپ مۇستەقىل قىلىش» ئۈچۈن، قەشقەر چېگرىسىدا روسىيە قوشۇنىنى كۈچەيتكەن. 1859 - يىلى 2 - ئايغا كەلگەندە، روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى پۇرسەت يېتىپ كەلگەندە جۇڭگو بىلەن قەشقەرنى شىمالىي شىنجاڭ بىلەن (جەنۇبىي شىنجاڭنى) «جۇڭگودىن ئايرىۋېتىش» ئۈچۈن، جۇڭگو بىلەن قەشقەرگە «مۇمكىن بولۇشىچە چوڭ تەسىر كۆرسىتىشنى» تەكىتلىگەن.

1864 - يىلى، تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا فېئوداللىزمغا قارشى كۈرەشنى ئەۋج ئالدۇرغان، ئەمما قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى

www.uyghurkitap.com

تېزلىكتىلا دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ۋە چوڭ فېئوداللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ فېئوداللىق ـ ئىشغالىيەتچىلىك ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارىدىغان ھوقۇق تالىشىدىغان قورالىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇ چاغدا شىنجاڭدا بەش بۆلۈنمە ھاكىمىيەت پەيدا بولغان:

1. كۇچانى مەركەز قىلغان رىشىت خوجا يەنى خان خوجىنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيىتى.

2. ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان تودېلىن (خۇيزۇ) نىڭ فېئودallıq ئىلاھىي ھاكىمىيىتى.

3. خوتەننى مەركەز قىلغان ھەبىبۇللانىڭ فېئودالىق ئىلاھىي ھاكىمىيىتى.

4. قەشقەرنى مەركەز قىلغان قىرغىز سىدىق بەگنىڭ فېئودال پومېشچىكلار ھاكىمىيىتى.

5. ئىلىنى مەركەز قىلغان ئەلا خاننىڭ فېئودال پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى.

بۇ بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىش ـ قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى شىنجاڭنى ئېغىر پاراكەندىچىلىككە سالغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ھەتتا چەت ئەللەردىن مەدەت تىلەپ، بۆرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەن. سىدىق بەگ قوقەندكە قېچىپ كەتكەن جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇك خوجىنى ئادەم ئەۋەتىپ تەكلىپ قىلىپ كەلگەن. قوقەندتىكى ئالىم قۇلخان بۇزرۇكنى قەشقەرنىڭ خانلىقىغا تەيىنلىگەن ھەمدە قوقەندنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويغان. ئەمەلىيەتتە بۇزرۇك خوجا قورچاق بولۇپ قالغان، ئەمەلىي ھوقۇق ياقۇپبەگنىڭ قولىدا بولغان. 1865 ـ يىلى ياقۇپبەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغان. 1867 ـ يىلى ئۇ يەتتە شەھەر (قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كوچا، يېڭىسار، يەركەن، ئۈچتۇرپان، شەھەرلىرى) ھاكىمىيىتى قۇرغان. ئۇ ئۆزىنى بەدۆلەت خان (بەخت قۇچقان شاھ) دەپ ئاتىۋالغان. 1869 ـ يىلى ياقۇپبەگ بۇزرۇكنى ھەج قىلىپ كېلىش دېگەن باھانە بىلەن شىنجاڭدىن چىقىرىۋەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خوجا جەمەتى شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن غايىپ بولغان. 1870 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ياقۇپبەگ داۋانچىڭنى ئىشغال قىلغان، 11 ـ ئايدا تۇرپان، ئۈرۈمچى، ماناس قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىلى رايونىغا تەلپۈنگەن.

ئۆزىنى دۇنيادا بىر چاغلاپ يۈرگەن بۇ «بەخت قۇچقان شاھ» بارغانلا يېرىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئېغىر

چىقىمدار بولغان. 1865 - يىلى 3 - ئايدا 6 - 7 مىڭ قىرغىز قەشقەردە ياقۇپبەگنى جەڭ بىلەن كۈتۈۋالغان. يەركەن خەلقى «ئەنجانلىقنى ئۆلتۈرە يىلى» دېگەن شوئارنى دۈشمەن ئىستىھكامىدا ياڭرىتىپ، تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ ئەدىپىنى تازا بەرگەن. 1866 - يىلى 6 - ئايدا مارالبېشىدىن 3 مىڭ نەچچە يۈز ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ خەلقى ياقۇپبەگ ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا بارلىق كۈچى بىلەن قارشى تۇرغان. 12 - ئايدا، خوتەن خەلقى ئالدامچىلىق بىلەن شەھەرگە كىرگەن دۈشمەن بىلەن بىر ئاي كۈرەش قىلغان، 5 مىڭ پۇقرا شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن قۇربان بولغان. 1867 - يىلى 5 - ئايدا كۇچا خەلقى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياقۇپبەگ قوشۇنىنى داۋاملىق ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ياقۇپبەگنى قىلىچ ئاستىدىكى ئەرۋاھقا ئايلاندۇرۇپ قويغان. 1870 - يىلى 3 - ئايدا تۇرپان خەلقى كورلا، كۇچا، باي قاتارلىق جايلارنى كەينى - كەينىدىن تارتىۋالغان، 10 - ئايغا كەلگەندە، ياقۇپبەگ يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 30 مىڭ ئادىمىنى چىقىم قىلىپ ئاندىن تۇرپاننى بېسىۋالالىغان. ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىگە بېسىپ كىرگەندىمۇ تەشكىللەنگەن 50 مىڭ كىشىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان.

ياقۇپبەگ شىنجاڭدا ۋەھشىيانە، دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇپ، قاتمۇقات باج - سېلىق ئالغان، باجگىرلارنى ھېسابسىز كۆپەيتكەن. ئۇلار ھەر خىل چىرايلىق ناملار بىلەن يەرلەرنى يىغىۋالغان، ئۇنىڭدىن بۇ يەرلەرنى بىر پارچىدىن - بىر پارچىدىن سېتىپ، نۇرغۇن پۇل يىغىۋالغان. ياقۇپبەگنىڭ بارگاھلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بار ئىدى، يەنە ئۇ ئۆزىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىك نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن 600 دىن ئارتۇق قىزنى تاپقۇزغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ بىر تەرەپتىن دىنىي ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتكەن، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا قىستىغان، تەخمىنەن 40 مىڭ خەنزۇ ئىسلام دىنىغا كىرگىلى ئۇنىمىغانلىقتىن ھاياتىدىن ئايرىلغان. مۇشۇنداق بىر تاجاۋۇزچى ھاكىمىيەت تۈركىيە، ئەنگلىيە، چار روسىيە دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ خەلىپىسى ياقۇپبەگكە «مىراخور بېشى» (تۈركىيە خەلىپىسىنىڭ گوماشتىسى) دېگەن نامنى بېرىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار ۋە مەسلىھەتچىلەرنى مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتكەن، ياقۇپبەگ بولسا تۈركىيىگە ئىتائەت قىلغان ھەمدە تۈركىيىنىڭ مېتال پۇلىنى ئۈلگە قىلىپ، تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىز دېگەن ئىسىم

www.uyghurkitap.com

چۈشۈرۈلگەن پۇل قويدۇرغان. چاررۇسىيە 1872 - يىلى بارون كائۇل بارىسنى ئەۋەتىپ، ياقۇپبەگ بىلەن «رۇسىيە - قەشقەر شەرتنامىسى» ئىمزالاپ، ياقۇپبەگنىڭ «يەتتە شەھەرنىڭ باشلىقى» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، ياقۇپبەگ بولسا رۇسىيىلىكلەرنى ئۆزىنىڭ «ئەڭ يېقىن دوستى» قىلىۋالغان. ئەنگلىيە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى ئىدى. ئۇ ئىككى قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ ياقۇپبەگ بىلەن ئالاقىلەشكەن. 1873 - يىلى، ئەنگلىيە قەشقەرگە فوسىس باشچىلىقىدا 300 كىشىلىك چوڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ياقۇپبەگكە مىلتىق - ئوق، كىچىك زەمبىرەك قاتارلىق قورال - ياراق ھەدىيە قىلغان، ياقۇپبەگ بۇنىڭغا قالتىس مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئەنگلىيىنىڭ ئايال پادىشاھىنى قۇياشقا ئوخشاتقان، ئۆزىنىڭ «ئىللىق قۇياش نۇرى» غا ئېرىشىپ، «روناق تېپىش» قا ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈشكە تەييارلىنىۋاتقان، «يەتتە شەھەر» ھاكىمىيىتى ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغان چاغدا، ئەنگلىيە بۇ تاجاۋۇزچى ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چىڭ خاندانلىقى ئارمىيىسىنىڭ يۈرۈش قىلىشىنى دىپلوماتىك يول بىلەن توسۇشقا ئۇرۇنۇپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق رەددىيىسىگە ئۇچرىغان. 1875 - يىلى 5 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى زوزوڭتاڭنى خان مۇپەتتىشلىك ۋەزىپىسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن. 1876 - يىلى چىڭ ئارمىيىسىنىڭ 50 — 60 مىڭ ئەسكىرى ئاۋۋال شىمالىي شىنجاڭنى، ئاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئېلىش دېگەن ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىنائەن، ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ياقۇپبەگنىڭ كۈچىنى شىمالىي شىنجاڭدىن تازىلىۋەتكەن. 1877 - يىلى 4 - ئايدىن 1878 - يىل 1 - ئايغىچە ياقۇپبەگنىڭ بارلىق كۈچىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقارغان. بۇ ئەسنادا، 1877 - يىلى 5 - ئايدا، ياقۇپبەگ كورلىدا ئۆلۈۋالغان. ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى ھەققۇل ئۆزىنىڭ بىر قوساقتىن چىققان ئاكىسى بەگ قۇلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. 12 - ئايدا، بەگ قۇلى بەي يەنخۇ بىلەن بىللە رۇسىيىگە قاچقان. بۇ قالدۇق كۈچلەر شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلى، قەشقەر چېگرىلىرىغا ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغان. چىڭ ئارمىيىسىنىڭ شۇنداق تېز يۈرۈش قىلالىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. 1876 - يىلى 8 - ئايدا، چىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان ليۇجىنتاڭ قىسمى شىمالىي شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، فۇكاڭدىن

مىچۇەنگە بارغان، ئۇلار تۇرغان يەردە سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن قاتتىق جاپا تارتقان. ئۇلار ئەنە شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، دەل خەلقنىڭ بۇلاق تېپىپ بېرىشى بىلەن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ، بىرىنچى جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. 1877 - يىلى 4 - ئايدا، چىڭ ئارمىيىسى داۋانچىڭنى ئالىدىغان ۋاقىتتا، قەلئە ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ بەرگەن، نەتىجىدە ئۇلار قەلئەگە تېز ھۇجۇم قىلىپ، ياقۇپبەگنىڭ 4 مىڭدىن ئارتۇق قالدۇق ئەسكىرىنى بىر يولىلا قولغا چۈشۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن چىڭ ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىش يولىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغان. 1877 - يىلى 10 - ئايدا، بەي يەنخۇ چىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن، قارا شەھەر دەرياسىنىڭ سۈيىنى يار قويۇۋەتكەن، نەتىجىدە قارا شەھەر نەچچە مېتىر سۇنىڭ ئاستىدا قېلىپ، ئۇردا ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان. چىڭ ئارمىيىسى يەرلىك موڭغۇل، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يول باشلاپ بېرىشى ئارقىسىدا، دەريادىن ئۆتۈپ ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. بەي يەنخۇ قېچىپ بايغا بارغاندا، ئۇيغۇر خەلقى ئۇنى شەھەرگە قامىۋالغان. بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، ئاقچى قاتارلىق جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلىپ جەڭ قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقارغان. پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان تاجىك خەلقمۇ ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن قورچاق ھاكىمبەگنى ئۆلتۈرۈپ، سارقول (ھازىرقى تاشقورغان) نى قايتۇرۇۋالغان.

ئالدىنقى ئەسىردە شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ تىرىلىش ھەرىكىتىدە كۆرۈلگەن بولسا، بۇ ئەسىردە شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى پانتۈركىزمچىلارنىڭ، پانئىسلامىزمچىلارنىڭ مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىدا، ئۇلارنىڭ «مۇستەقىللىق» ئىدىيىلوگىيىسىنىڭ، «دۆلەت» ئىدىيىلوگىيىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك ئىكەنلىكىدە كۆرۈلدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، تۈركىيىدە مىللەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى قوزغالدى. بىر تەرەپتىن، مەملىكەت ئىچىدە دىنىي قوغداش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەملىكەت سىرتىدا ئۇلۇغ تۈرك مىللىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى تەشۋىق قىلىندى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تۈركىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۈركىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى ئەنۋەر پاشا بېرلىنغا قېچىپ بېرىپ، تۈركىيە ياشلار پارتىيىسى قۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بولشېۋىكلارغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ باردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەتىجىدە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئەرپەدىن مەغلۇپ قىلىندى. پانتۈركىزمچىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتىكى مەقسىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېرلىرى ۋە چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرى شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ، قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلىشىۋېلىپ، مەكتەپ ئېچىپ پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلغان ھەمدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى پائال تەشەببۇس قىلغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى، جىن شۇرېننىڭ مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقى تۈپەيلىدىن، پۈتۈن شىنجاڭدا چوڭ قالايمىقانچىلىق پەيدا بولغان. 1931 - يىلى قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كەينى - كەينىدىن قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلدى. 1932 - يىلىنىڭ باشلىرىدا پانتۈركىزمچى ئۇنسۇر مۇھەممەت ئىمىن (تۆۋەندە ئىمىن دېيىلىدۇ) خوتەندە «مىللىي ئىنقىلابىي ھەيئەت» قۇردى، بۇ ھەيئەتنىڭ مەقسىتى كوممۇنىزمغا، يات دىنغا (خىرىستىئان دىنىغا)، تۇڭگانلارغا، خەنزۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنى دۆلىتى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىمىننى باشلىق قىلىش ئىدى. 1933 - يىلى، يەنە بىر پانتۈركىزمچى — سوۋېت ئىتتىپاقىدا، تۈركىيەدە، مىسىردا، ھىندىستاندا يۈرۈپ كەلگەن چوڭ دىنىي باشلىق سابىت داموللام ئۇنىڭغا قاتناشتى. 1933 - يىلى 2 - ئايدا قاراقاش قوزغىلىڭى پارتلىدى، ئىمىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئىنقىلابىي ھەيئەتنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» كە ئۆزگەرتتى، ئۇنىڭغا مەھەممەت نىياز ئەلەم زۇڭتۇڭ بولدى، سابىت داموللا زۇڭلى بولدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئالىي دىنىي ۋەزىپە — شەيخۇل ئىسلاملىق ۋەزىپە بېرىلدى. ئىمىن قوراللىق قىسىملارنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي ھوقۇقدارى بولۇپ «ئىسلام ئەمىر» دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسىمۇ ئۆزىنى «ئەمىر» دەپ ئاتىۋالدى. 1933 - يىلى 4 - ئايدا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆز ئىسمىنى يەنە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى دەپ ئۆزگەرتتى ياكى خوتەن ئەمىر ھۆكۈمىتى دەپ ئاتىلىپ، غەربىي شىمال تەرەپتىكى گۇما، پوسكام، يەكەن قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەردىكى تۇڭپىلاڭچى كۈچلەر بىلەن بىرلەشمەكچى بولدى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەردە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى قەشقەردە تۇرۇشلۇق باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئەمەلىيەتتە، ھاكىمىيەتنى پارچىلايدىغان ئاپپارات بولۇپ قالدى. 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئورنىنى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ئۇيۇشمىسى ئالدى. مۇستەقىللىق ئۇيۇشمىسىنىڭ مەقسىتى مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان

ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدى. سابىت داموللا رەئىس بولدى، بۇ مۇستەقىللىق ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئىتى 11 نەپەر ئەزادىن تەركىپ تاپتى.

1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ يۆلىشى بىلەن، سابىت دامولام باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قەشقەردە قەپەزدىن چىقتى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، خەنزۇلارغا، كوممۇنىزمغا جىنىنىڭ بىرىچە قارشى تۇرىدىغان، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئىدى، ئۇ خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككىنچى بىرخىل شەكلى ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ بۇ كىشىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىكىنى قوللىشى ئۆتكەن ئەسىردە ياقۇپ بەگنىڭ جۇڭگونى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇشىنى قوللىغان تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ داۋامى ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىش يولىدىكى ئومۇمىي ستراتېگىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئەنگلىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىگە ۋە سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭنى شىمالىي ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاتالمىش ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى بۇرۇندىنلا ئويلاپ كەلگەن. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شۇ قېتىمقى مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەنگلىيە 510 مىڭ رۇپىيە چىقىم قىلغان.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسىدا: شەرقىي تۈركىستان مەڭگۈلۈك دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت بولىدۇ، «نەنجىڭنىڭ ياكى خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىزگە يېتىپ، مەڭگۈ مۇستەقىل بولۇپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ» دېيىلگەن. بۇ قۇرچاق ھاكىمىيەت ئاتالمىش «مەركىزىي ھۆكۈمەت» تەسىس قىلغان، خوجا نىياز زۇڭتۇڭ، سابىت داموللا دۆلەت ئىشلىرى زۇڭلىسى بولغان، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، ھەربىي - مەمۇرىي مىنىستىرلىك، مالىيە مىنىستىرلىكى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، دېھقانچىلىق - سودا مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، خوجىلىق مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق توققۇز مىنىستىرلىك تەسىس قىلىنغان. مىنىستىرلىكنىڭ باشلىقلىرى پۈتۈنلەي چوڭ فېئودال، چوڭ سودىگەر، ئەكسىيەتچى دىنىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى، پانتۈركىزمچى، پانئىسلامىزمچى ئۇنسۇرلار ۋە سوۋېتقا قارشى ئۇنسۇرلاردىن بولغان. بۇ سابىق مىللىي ئىنقىلابىي ھەيئەتنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھى ئاساس قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن كەلگەن، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرىدىغان قاچاق مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇلۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن تەشكىل قىلىنغان بەنزە ئىدى، ئىمىن ئۆزىنىڭ ئۇۋىسى خوتەندىن ئايرىلىشنى زادىلا خالىمىغان. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈچ بۇرجەكلىك، تېگى ئاق، ئاي ـ يۇلتۇزلۇق دۆلەت بايرىقى بار ئىدى. قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەغەز پۇلى، مىس پۇلى ۋە كۈمۈش پۇلى تارقىتىلغان. «ئەرك» ژۇرنىلى، «ھاياتلىق» ھەپتىلىك گېزىتى نەشىر قىلىنغان.

قۇرچاق ھۆكۈمەت قۇرئان كەرىمنى ئاساس قىلىپ قانۇن چىقىرىپ، دىنىي ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتكەن، شەرىئەت تەسىس قىلىپ، خەلققە خالىغانچە تەن جازاسى بەرگەن. دىنىي قائىدە بويىچە پەرەنجە ئارتمىغان ئاياللارنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. پۇقرالارنى بولۇشىچە ئەزگەن، ھەر بىر ئائىلىگە بىر نەچچە ئەسكەرنىڭ تەمىناتىنى يۈكلەپ، ئۇلارنىڭ كۆپلەپ باشقا جايلارغا قېچىپ كېتىشىگە ياكى چېگرىدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئىنتايىن تار مىللەتچىلىكنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرلاردىن باشقا ھەر قانداق مىللەتكە قارىتا قىساسچىلىق ۋە قىرغىنچىلىقنى يولغا قويغان؛ خۇيزۇلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئۇلار بىلەن بىردەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خۇيزۇلارنى، خەنزۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ھەمتايىقى دەپ قارىغان، يەنە كېلىپ ماجۇڭيىڭنىڭ كۈچلىرى يېقىن ئەتراپتىلا تۇرغانلىقتىن، «تۇڭگانلار خەنزۇلاردىنمۇ خەتەرلىك دۈشمەن»، «تۇڭگانلاردىن پەخەس بولۇش، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش، ھەرگىز رەھىم قىلماسلىق لازىم» دەپ ئالاھىدە تەشۋىق قىلغان. ئۇلار شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيانلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا دوستانە بېرىش ـ كېلىش بولۇپ كەلگەنلىكىنى ھەمدە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە، مەدەنىيەت جەھەتتە ئېرىماس ـ چىرماس ئالاقە بولۇپ كەلگەنلىكىدەك تارىخىي پاكىتلارنى يوققا چىقىرىپ: «سېرىق تەنلىك خەنزۇلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدا ئەسلىدىلا قىلچىلىكمۇ مۇناسىۋەت يوق، قارا تۇڭگانلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىمۇ ئانچە چوڭ مۇناسىۋەت يوق، شەرقىي تۈركىستان شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ شەرقىي تۈركىستانى» دەپ كاپشىغان.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئەنگلىيە، ھىندىستان، ئافغانىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مەدەت بېرىشىگە ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئىنتىزار بولغان. سابىت داموللا ئۆز قولى بىلەن

ئافغانىستان پادىشاھىغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن مىلتىق، زەمبىرەك، ئوق - دورا ۋە قوشۇن تەلەپ قىلغان. ئۇلار خەلقنى قاخشىتىپ يىققان ئالتۇن، چارۋىلارنى خىراجەت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، ئەنگلىيەدىن قورال - ياراق سېتىۋالغان؛ ئەنگلىيەمۇ مىڭ دانە مىلتىق ۋە 200 ئەسكەر ياردەم قىلغان. تۈركىيە قەشقەر ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇرغان، قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ باشلىقلىرىنى «ھەقىقىي تۈركلەر» دەپ تەرىپلىگەن؛ ئىككى نەپەر تۈركىيىلىك قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتكەن يېڭى يىلنى تەبرىكلەش تېلېگراممىسى ئانا تولىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى تەرىپىدىن كەڭ تۈردە تارقىتىلغان. ئافغانىستان پادىشاھى بۇ قورچاق ھاكىمىيەت قۇرۇلغان ھامان تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتكەن، قورچاق ھاكىمىيەت ئەۋەتكەن ئەلچى ئافغانىستاندا رەسمىي كۈتۈۋېلىنغان ھەمدە ئافغانىستان تەرەپنىڭ بىر تۈركۈم قورال ياردەم قىلىش ۋە قەشقەردە تۇرىدىغان بىر سىياسىي ۋەكىل ئەۋەتىش توغرىسىدىكى ۋەدىسىگە ئېرىشكەن.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئەشەددىي «تۈرك - ئىسلام» مەيدانىدا تۇرغانلىقتىن، ئىچكى جەھەتتە زىددىيەت بىلەن تولغان ھەمدە ھەر تەرەپنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆمرى كوتا بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئۈچ ئايلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان بۇ قورچاق ھاكىمىيەت 1934 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ غەربكە ئىلگىرىلەپ، قەشقەرگە كىرىشى بىلەنلا گۇمران بولدى. خوجانىياز سوۋېت تەرەپ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، «جۇمھۇرىيەت»نى تارقىتىشقا، شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىشقا قوشۇلۇپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن مۇئاۋىن رەئىسى بولدى؛ سابىت داموللا ئاقسۇدا تۇتۇۋېلىنىپ ئۈرۈمچىگە يالاپ كېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلدى (ئاقسۇدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى دېگەن گەپمۇ بار). ئىمىن كەشمىر، كابۇل قاتارلىق جايلارغا قېچىپ بېرىپ، ياپونىيە جاسۇسلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا يەنە «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىقى جەمئىيىتى» قۇردى. 1940 - يىلى كەشمىردە شىنجاڭنىڭ تارىخى بۇرمىلانغان، پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم تەرغىپ قىلىنىدىغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇردى، ئۇنىڭ زەھىرى بۈگۈنگىچە تارقىلىپ كەلمەكتە. 1946 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن بىللە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجىنى مەركەز قىلغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى، يولداش ماۋزېدۇڭ ئۇنىڭغا باھا بېرىپ: «ئۇ پۈتۈن جۇڭگونىڭ خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دېدى. بۇ ئاساسىي ئېقىم. ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي ئېقىم بولمىغان تەرىپىمۇ بار، يەنى ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مۇستەقىللىق بايرىقى كۆتۈرۈپ چىقىلغان ھەمدە خەنزۇلارنى يامان كۆرۈپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ماقۇللىغان توققۇز ماددىلىق خىتابنامىنىڭ 1 - ماددىسىدا: «شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا جۇڭگونىڭ ئىستىبدات تۈزۈمىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش» دەپ يېزىلغان، 2 - ماددىسىدا: «شەرقىي تۈركىستان تېررىتورىيىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ باب - باراۋەرلىكى ئاساسىدا ھەقىقىي ئەركىن، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش» دەپ يېزىلغان. بۇ ئېغىر سىياسىي خاتالىقلارنى ئېلىخان تۆرىنىڭ سىياسىي مەيدانىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئېلىخان تۆرە دېگەن بەگزادە ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئەسلى يۇرتى روسىيە. ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ، تىبابەتچىلىك، ناتىقلىق قىلىپ جان باققان. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپ، 40 - يىللاردا قويۇپ بېرىلگەن. ئۇ چوڭ ئاخۇن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۇتۇقلىرى قۇترىتىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئىلىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولغان. ئۇ 1944 - يىلى 4 - ئايدا غۇلجىدا قۇرۇلغان مەخپىي تەشكىلات «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ دىنىدىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پانتۈركىزمنى، پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلغان، مۇستەقىللىقنى، جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىشنى تەرغىپ قىلغان. «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» يېڭى قۇرۇلغان چاغدا، ئېلىخان تۆرە ھەم رەئىس جۇمھۇر، ھەم ئالىي ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئالىي قوماندانى، جۇمھۇرىيەت ئارمىيىسىنىڭ مارشالى، ئالىي ئازادلىق ئوردېنىنىڭ لائۇرېئاتى بولۇپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ھەربىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان. 1945 - يىلى ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ

بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش شوئارلىرى ئىچىدە «ياشىسۇن ئېلىخان تۆرە!» دېگەن بىر شوئارمۇ بار. ئۇ «بىزنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان، بىزنىڭ بۇ پاك زېمىنىمىزدا خىتايلارنىڭ ھەققى يوق، ئۇلارنىڭ زېمىنى 3 مىڭ 500 كىلومېتىر نېرىدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىدە» دەپ كاپشىغان، ئۆزىنى بولسا «7 مىليون ئاھالىگە ئىگە دۆلەتنىڭ باشلىقى» دەپ ماختىغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ياش رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خاتالىقلار بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلغان. ئەخمەتجان قاسىمى: «شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇدىنلا ئىبارەت، ئۇ سىياسىي پائالىيەتنىڭ نەزەرىيىسى بولالمايدۇ. ئەگەر كىمكى ئۇنى سىياسىي پائالىيەتنىڭ نەزەرىيىسى قىلىۋالىدىكەن، شۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمىنى، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ دۈشمىنى» ②، «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى، جۇڭگو بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، بىزنىڭ يۇرتىمىز» ③ دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەندە، بىر تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىقى بىلەن كۈرەش قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەننىڭ بىرلىكى نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى چۆرۈپ تاشلاپ، شىنجاڭ بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇشقا قوشۇلغان. 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى — تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغان كۈنى، ئېلىخان تۆرە قاتارلىق بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى تەرىپىدىن مەخپىي يوسۇندا ئالمۇتىغا ماڭدۇرۇۋېتىلگەن.

يەتتە ۋىلايەتتە 1946 - يىلدىن باشلاپ، پانتۈركىزمچى، پانئىسلامىزمچى ئۇنسۇر مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىقلار شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ خېلى چوڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىر مەھەل ئەۋج ئالغان. مەسئۇد 1888 - يىلى ئىلىدا تۇغۇلغان، 16 يېشىدا تۈركىيىگە بېرىپ ئوقۇپ، ئىستانبۇل مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ چەت ئەلدىكى ۋاقتىدا پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم بىلەن تەربىيىلەنگەن، «تۈرك ئوچىقى» قاتارلىق ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارغا قاتناشقان. 1915 - يىلى 27 يېشىدا ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، ئىلىدىكى تۈركىيىلىكلەر بىلەن بىرلىكتە مەكتەپ ئېچىش نامى ئاستىدا پانتۈركىزم ھەرىكىتى بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ، «ئەجدادىمىز تۈرك، ۋەتىنىمىز تۈركىستان» دەيدىغان ئىدىيىنى تەشۋىق قىلغان؛ ئۇنىڭ مەك-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تىپى ئوقۇغۇچىلارغا تۈركىيە شېئىرلىرىنى ئۆگەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا ئۇنى مەركەز قىلغان ھالدا، پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان بىر تەشكىلات شەكىللەنگەن. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى باشقۇرغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ مەكتىپى بىر نەچچە قېتىم تەقىپ قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۆزى بولسا تۈرمىگە ئېلىنغان. 1934-يىلى — شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىنكى ئىككىنچى يىلى مەسئۇد شىنجاڭدىن نەنجىڭگە بېرىپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ ئۇنى قوينىغا ئېلىپ تەربىيىلەپ، ئارمىيە باش ئىشتابى چېگرا ئىشلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۇيغۇر تىلى مۇئەللىمى، گومىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، گومىنداڭنىڭ 5 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قىلغان، ئۇ يەنە ئىلگىرى - كېيىن، نەنجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، چۇڭچىڭ قاتارلىق جايلاردا ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن بىللە «تيانشان»، «تۈركىستان ئاۋازى»، «ئۈرۈش خەۋەرلىرى»، «تۈرك تىلى»، «ئۇلۇس»، «ئالتاي ئايلىق ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشر قىلىپ، پانتۈركىزمنى ھەدەپ تەرغىب قىلغان. 1946 - يىلى ئۇ ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن بىللە شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەسئۇد شىنجاڭنىڭ باش تەپتىشى، ئىمىن ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان، ئەيسا ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1947 - يىلى 5 - ئايدا، مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، ئىمىن مۇئاۋىن رەئىسى، ئەيسا باش كاتىپى بولغان. بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى بولغان ۋاقىتتا، ئىمىن يەنىلا مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تۇرغان.

مەسئۇد 1947 - يىلى 5 - ئايدا تەختكە چىقىپلا، زور بىر تۈركۇمپانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلارنى ۋالىيلىققا، ھاكىملىققا، مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇلار يەنىلا ئاتالمىش تۈرك يېزىقى ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ بېرىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تۈرك ئۆلكىسى دەپ ئاتىغان، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈرك مىللىتى دەپ ئاتىغان، ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقلىرىنى تۈركلەشتۈرۈشكە كۈچەپ ئۇرۇنغان. ئۇلار ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تىل - يېزىقىنى مەدەنىيەت جەھەتتىن نابۇت قىلىپ، ئۇنى پانتۈركىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، تۈرك تىل - يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇراشتۇرغان، بۇ گۇرۇپپا ئۇيغۇر يېزىقىنى تۈركلەشتۈرۈش لايىھىسىنى ئىشلىگەن ھەمدە كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلغان. ئۇلار پات - پاتلا پانتۈركىزمچىلارنىڭ يىغىلىشىنى ئۆتكۈزۈپ،

مىللەت، تارىخ، ئەدەبىيات، تىل قاتارلىق ئىلىم مەسىلىلىرىنى سۆزلەش نامى ئاستىدا پانتۈركىزم تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئۈرۈمچىدىمۇ ئەكسىيەتچى دىنىي زاتلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى قوغداش جەمئىيىتى قۇرغان ھەمدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇنىڭ شۆبىلىرىنى قۇرغان. ئۇلار ئالتاي نەشرىياتىنى چۆچەكتىن لەنجۇغا، لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كەلگەن، ئىمىن باش مۇھەررىر، ئەيسا نەشرىيات باشلىقى بولغان. شۇنىڭ بىلەن «ئالتاي ئايلىق ژۇرنىلى» نى داۋاملىق نەشر قىلغان. ئەكسىيەتچىل «ئەرك»، «يالقۇن» دېگەن گېزىتلەرنى يېڭىدىن نەشر قىلغان، ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژۇرناللارنى تارقاتقان. «ئەرك» گېزىتىنىڭ باش تەرىپىدە: «مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، يۇرتىمىز تۈركىستان» دەيدىغان مۇقىم شوئار بار ئىدى. مەسئۇد ئۆز قولى بىلەن «تۈرك تىلى» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ، تۈركلەرنىڭ شوئارى «بىز تۈركلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەتىنىمىز تۈركىيە، تۈركىستانلا بولۇپ قالماي، ئۇلۇغ، بىرلىككە كەلگەن رايون — تۇران (تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان بارلىق جايلارنىڭ ئومۇمىي نامى) بولۇشى كېرەك» دەپ تەرغىپ قىلغان. مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلغار كىشىلىرىنىڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. 1947 - يىلى 5 - ئايدا، مەسئۇدنىڭ تەختكە چىققانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا، ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىغا مەسئۇدقا قارشى شوئارلار چاپلانغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقالغان، ياشلار، ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا مەسئۇدنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى ئىمزا قويۇش ھەرىكىتى قوزغىلىپ كەتكەن. 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، مەسئۇدنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى بىلەن ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى بىرلەشتۈرۈپ ئۆتكۈزۈلگەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىلى تەرەپتىن بولغان ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىشنى رەت قىلغان. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيپىدىن ئەزىزىلەر كېڭىشىپ، مەسئۇد قاتارلىق مىللىي مۇناپىقلار بىلەن ھەرگىز ئورتاقلاشمايدىغانلىقىنى قارار قىلغان. ئەخمەتجان قاسىمى: «بىز ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇد قاتارلىق پانتۈركىزمچىلار بىلەن ھەرگىز ھەمكارلاشمايدىغانلىقىمىزنى ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن ئېنىق شەرھلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، بولۇپمۇ كەڭ ئۇيغۇر خەلقىگە — ئۆزىمىزنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئېچىپ، بېرىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەت خەلقى مۇشۇنداق قىلىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەلەپ قىلدۇ» ④ دېگەن. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر جاڭ جىجوڭغا خەت يېزىپ: «مەسئۇد شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىشقا ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس»، «شۇنىڭ ئۈچۈن، تىنچلىقنى ھىمايە قىلىدىغان خەلقنىڭ مەسئۇد ئەپەندىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى تەلىپىنىڭ بىردىنبىر توغرا قانۇنلۇق تەلەپ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» ⑤ دېگەن. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مەسئۇدنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى رەھىمسىز-لىك بىلەن ئېچىپ تاشلىشى ۋە ئۇنىڭغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا جاڭ جىجوڭ 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەسئۇدنى ئورنىدىن قالدۇرۇش قارارىغا كەلگەن.

1949 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، شىنجاڭدىكى پانتۈر-كىزمچى ئۇنسۇرلار غەربىي شىمالدا مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇش مەقسىتىدە چىڭخەيدىكى مابۇفاڭ بىلەن ھەدەپ تىل بىرىكتۈرگەن. ئامېرىكىمۇ بۇ سۈيقەستنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا پائال تۈرتكە بولغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بۇ سۈيقەستنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭغا مۇددەتتىن ئىلگىرى ئەسكەر كىرگۈزۈشنى ھەمدە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازادبولۇشىنى ئالغا سۈرۈشنى قارار قىلدى. 9- ئايدا، ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق چەت ئەلگە قاچتى، سەپەر ئۈستىدە فېئودال پومېشچىكلار، ئەكسىيەتچى دىنىي زاتلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى.

ئىمىن، ئەيسالار چەت ئەلگە قېچىپ بېرىپ، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەت-لەرگە يېقىنىپ، سوتسىيالىستىك جۇڭگوغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان، جۇڭگونى پارچىلايدىغان جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن داۋاملىق شۇغۇللاندى. 1950 - يىلى ئىمىن بىلەن ئەيسا كەشمىردە يېڭىباشتىن «شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسى جەمئىيىتى» ئۇيۇشتۇردى، بۇ جەمئىيەتنىڭ مەقسىتى شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار شىن-جاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئاخبارات توپلىدى، توپىلاڭ پىلانلىدى. 1954 - يىلى، ئىمىن بىلەن ئەيسا ئۆزىنىڭ ھەرىكەت مەركىزىنى تۈركىيىگە يۆتكەپ، «تۈر-كىستان مىللىي بىرلىك ھەيئىتى» ناملىق خەلقئارا پانتۈركىزمچى تەشكىلاتقا قاتناشتى ھەمدە ئۇنىڭدا مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. 1955 - يىلى،

ئىمىن بۇ تەشكىلاتنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ سايلىنىپ، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە دائىر ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدى. 1959 - يىلى شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ۋە يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئىمىن بىلەن ئەيسا ئەمدى پۇرسەت يېتىپ كەلدى دەپ، «دۆلەت بەلگىسى» تەييارلىدى. 1964 - يىلى، ئىمىن يۈرەك كېسەللىكى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ ئۆلدى. 1979- يىلى ئەيسا بۆلگۈنچىلىكنى مەقسەت قىلغان «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» دېگەن بىر نېمىسىنى نەشر قىلدۇرۇپ، كەڭ تۈردە ھەقسىز تارقاتتى. ھەتتا بىۋاسىتە شىنجاڭدىكى بەزى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ تارماقلىرىغا ئەۋەتتى. 1985 يىلى ئۈرۈمچىدە «12 - دېكابىر» ۋەقەسى پەيدا بولدى. جېدەل چىقارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان 5 ماددىلىق، 7 ماددىلىق، 9 ماددىلىق ، 11 ماددىلىق تەلەپلىرىنىڭ مەزمۇنى «تۈركىستان ئاۋازى» دا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۆزلىرىنىڭ جىنايى مەقسىتىگە مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ، يېتەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 200 نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا بولغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XIX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ باسقۇچ خوجىلارنىڭ تىرىلىشىنى ئاساسىي ئىپادىلىنىش شەكلى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تىرىلىش بازىسى شىنجاڭنىڭ قوشنىسى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا فېئودال ئىسلام دۆلەتلىرىدە بولغان. ئۇلارنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى خوجا جەمەتى ئائىلىلىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرى، چەت ئەللەرنىڭ ھەربىي خادىملىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى خوجىلارنىڭ شىنجاڭدىكى يانچى خوجايىنلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى، ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسى ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ «غازات» قىلىش ئىدى. ئۇلار ۋاقتىنچە كۈچىيىپ قالغاندىن كېيىنلا، دىنىي ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇپ ، پۇقرالارنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى، مال - مۈلۈك، ئاھالە بۇلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى ئارقىسىدا، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇلارنى تېزلىكتە مەغلۇپ قىلىشىدى، ئۇلار چەت ئەلگە قېچىپ بېرىپ داۋاملىق پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇردى.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى باسقۇچ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ باسقۇچتا پانتۈركىزىم بىلەن پانئىسلامىزم ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى يېتەكچى قىلىنغان، جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىققان مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئۈچ خىل: بىرىنچى، ۋەزىيەتنىڭ قالايمىقانلىشىشىدىن پايدىلىنىپ، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ مەدەتكارلىقىدا، ئۆمرى كوتا «جۇمھۇرىيەت» قۇرغانلىقى، ئىككىنچىسى، ئىنقىلاپ قوشۇنىغا كىرىۋېلىپ، قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى - تەرغىباتى ئېلىپ بارغانلىقى، ئۈچىنچىسى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا بىر قىسىم رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، «مۇستەقىللىكتىن تۆۋەنرەك، مۇختارىيەتتىن يۇقىرىراق» ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقى؛ گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ھالاكەتكە يۈزلەنگەندە بولسا ئاتالمىش «مۇسۇلمانلار دۆلىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى. ئۇلار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر مەكتەپ ئېچىش، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش نىقابى ئاستىدا بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان. گەرچە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئۈچ خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى سوۋېتكە، كوممۇنىزمغا قارشى ئەشەددىي ئۇنسۇرلار بولۇپ، تولىسى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

ئۈچىنچى باسقۇچ ئازادلىقتىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىلدە بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش بازىسى كەشمىرگە، تۈركىيىگە يۆتكەلگەن ھەمدە دۇنياۋى پانئىسلامىزمچى تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، يېڭى بىر ئەۋلاد بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار شەكىللەنگەن. ئۇلار شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىپ مۇستەقىل قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئاساسەن نۇرغۇن مەبلەغ چىقىرىپ ئەكسىيەتچىل ژۇرنال، رادىئو قاتارلىق تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە سوغۇقچىلىق سالغان، توپىلاڭ پىلانلىغان. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى يېڭى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولدى، بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. مەملىكەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىلەن مەملىكەت سىرتىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار زىچ بىرلىشىپ، يىراقتىن دوس تارتىشىپ

ياش ئۇقۇغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ ۋەزىيەتنى قالايمىقانلاشتۇردى؛ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەج تاۋاپ قىلىشقا بارغانلار ئىچىدىن مەدەتكار ئىزدىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقئارادىكى چوڭ كىلىمات بىلەن ماسلىشىپ تۇردى، مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتتى، تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنداق دېيىشكە تامامەن بولىدۇكى، شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلىكتىن كېلىدۇ.

تارىخىمۇ، رېئاللىقمۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، 1. بۆلۈنۈش بىلەن بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش يەنە داۋاملىشىۋېرىدۇ، يەنە كېلىپ، خەلقئارادىكى چوڭ كىلىمات ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى كىچىك كىلىمات بىلەن شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بىلەن، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى بىلەن، مىللىي سىياسەت، دىنىي سىياسەت، بىرلىكسەپ سىياسىتى بىلەن، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىنى كۆرمەي، مەيدانىمىزنى يوقىتىپ قويىدىكەنمىز، بۇ ناھايىتى خەۋپلىك بولىدۇ، بېپەرۋالىق قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ. 2. بۆلۈنۈش ھېچۋاقىت خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، ئۇ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۇزاققا بارمايدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتتە تۇرغان جۇڭگودا، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتە تۇرغان جۇڭگودا بۆلۈنۈشنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى مۇمكىن بولمىغانىكەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك جۇڭگودا ھەر قانداق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى — ئۇنىڭ مۇلكى يول بىلەن ياكى ھەربىي يول بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىدىن، مەملىكەت سىرتىدىن ياكى مەملىكەت ئىچىدىن كەلگەن بولۇشىدىن ۋە ياكى ھەر ئىككى تەرەپتىن تەڭ كەلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — بەربىر ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇ تارىخ تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەمدە داۋاملىق ئىسپاتلىنىدىغان قانۇنىيەت.

ئىزاھلار:

① «چىڭ سۇلالىسى شۆھنزۇڭ خانىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» 18 - توم.

② مىنگونىڭ 35 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ «پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت»؛ مىنگونىڭ 35 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جاڭجىجۇڭ «مېنىڭ ھەقىقىي جاۋابىم ۋە قەتئىي ئاگاھلاندۇرۇشۇم».

(ئىزاھلارنىڭ داۋامى 119 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# «غازات» نىقابى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ ماھىيىتىنى ياپالمايدۇ

چى فۇ

بۇ يىل 4 - ئايدا ئاقتو ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدا ئاز ساندىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىننى نىقاب قىلىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشنى مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى قىلدى. ئۇلار ئاتالمىش «غازات» نى ھەدەپ تەرغىپ قىلىپ، «غازات نىزامى» دېگەن بىرنېمىنى تۈزۈپ چىقىپ، «غازات» قىلىش نامى بىلەن ئاتالمىش «غازات قوشۇنى» تەشكىللىدى، كوللېكتىپ ناماز ئوقۇپ، «تەكبىر» ئېيتىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاپ، خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ دىننى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىكى يەنە بىر ئاساسلىق نەيرىڭى. بۇ زوراۋانلار «غازات» قىلىش نامى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، خەلق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇندى، مانا بۇ بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچى سىياسى كۈچلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ماھىيىتىنى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايى مەقسىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى.

ئەمەلىيەتتە، «غازات» قىلىش ۋېۋىسكىسى ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغاشتىن ئىبارەت ماھىيىتىنى ياپالمايدۇ. ئۇرۇش — سىياسىينىڭ داۋامى. خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ كۆرسەتكىنىدەك: «سىياسىي — قان تۆكۈلمەيدىغان ئۇرۇش، ئۇرۇش — قان تۆكۈلىدىغان سىياسىي.» (ماۋزېدۇڭ: «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 توم، 266 - بەت) ئومۇمىي مەنىدىكى ئۇرۇشلار شۇنداق بولىدۇ، دىنىي نام بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ھەر قانداق ئۇرۇشمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم سىنىپنىڭ سىياسىي مەنپەئىتى ۋە تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئىسلام تارىخىدىكى ئاتالمىش «غازات» لارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى زوراۋانلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەپتى - بەشىرىسىنى پاش قىلىش، ئىسلام تارىخىدىكى «غازات» لارنىڭ قانداق بىر ئىش

ئىگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر.

«غازات» ئەرەبچە « Jinad » تەرجىمىسى، ئەسلى مەنىسى «كۈرەش» دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆز ئەسلىدە مۇھەممەتنىڭ مەدىنىدىكى چېغىدا كۆپ خۇدالىقلار ۋە يەھۇدىلار بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى كۆرسەتتى، كېيىن ئىسلام تۇغى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل ئۇرۇشلارنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولدى. «قۇرئان» دا: «غازات» «ئاللا يولى» دا كۈرەش قىلىش دېمەكتۇر، دېيىلگەن. ئىسلام شەرىئىتىدە بۇ ئىككى خىل ئۇرۇش ئۇچۇن «دىنىنى قوغداش» ۋە «ئۆزىنى قوغداش» تىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي پرىنسىپ بەلگىلەنگەن. ئەمما تارىخىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇرۇش ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلىش، تارقىتىش مەزگىلىدىكى بويسۇندۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشلاردا ۋە كېيىنكى بۆلەكچىلىك خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشلاردا، بولۇپمۇ VII ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى سىياسىي كىرىزىسنى ھەل قىلىشتا مۇھىم ۋاسىتە قىلىندى. ئەينى چاغدا ئۇرۇغداشلىق جامائەسى تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىپ، ئومۇمىنىڭ بايلىققا چاڭگال سېلىش ۋە ئىگە بولۇۋېلىش يولى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى بىلەن ئاددەتتىكى جامائە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق كۈچەيدى، قۇلدارلار بىلەن سان جەھەتتە ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پەقەت سىرتقا قارىتا بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى ۋە بۆلەكچىلىك ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىلا ئاندىن سىياسىي كىرىزىستىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپقىلى بولاتتى. چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا ئۇرۇشقا قاتناشقۇچىلارنى باي قىلغىلى، مال - مۈلكىنى ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتىكى تەڭسىزلىك تۈپەيلىدىن ئۆتكۈرلەشكەن ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەسەيتكىلى بولاتتى. ئىسلام دىنى-

---

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى. چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (مۇزاكىرە ئارگىنالى).

④ سەيپىدىن ئەزىزى «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» 1989 - يىل 12 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى.

1948 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجاننىڭ جاڭ جىجۇڭغا يازغان خېتى.

تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت رەھىم

نىڭ بۇخىل تۈرۈش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرى «غازات» توغرىسىدىكى تەلىماتى ۋە نىزاملىرىدا مۇقىملاشتۇرۇلدى، يەنى شەرىئەتتە «قانۇنلاشتۇرۇلدى». ئىنقىلابىي ئۇستاز ماركس مۇنداق دەپ دەل جايىدا كۆرسەتكەن: «قۇرئان» ۋە قۇرئاننى ئاساس قىلغان ئىسلام قانۇنى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىللەتلەرنى جۇغراپىيە ۋە ئىجتىمائىيەت جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل دۆلەت ۋە مىللەتكە — ھەقىقىي مۇسۇلمان ۋە «كاپىر»، يەنى دۈشمەنگە يىغىنچاقلىغان. ئىسلام دىنى «كاپىر» لارنى قانۇن تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنمايدىغانلار دەپ جاكالىغان ھەم مۇسۇلمانلار بىلەن «كاپىر» لار ئوتتۇرىسىدا دائىم دۈشمەنلىشىپ تۇرىدىغان ھالەتنى پەيدا قىلغان» («ئۇرۇش ئېلانى — شەرق مەسىلىسىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 10 - توم، خەنزۇچە نەشرى 180 - بەت). ئىنقىلابىي ئۇستازنىڭ بۇ مۇپەسسەل ھۆكۈمى بۇ خىل «غازات» نىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. دېمەك، سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش ھەم ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى يوققا چىقىرىدىغان دىنىي ئىدېئالىستىك ئەمىر - مەرۇپلار ئىسلام «غازىتى» نىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى ئاساسى.

دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمى شارائىتىدا، بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ماركس ئاللىبۇرۇن تەنقىد قىلغان «غازات» دېگەن بىرنېمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغىشى ئىنتايىن ئەكسىيەتچىلىك. بىرىنچىدىن، ئۇلار داۋراڭ قىلغان «غازات» نىڭ مەقسىتى، شىنجاڭدا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرۇش، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىن ئايرىپ چىقىش. ھەممىگە مەلۇمكى، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بىرلىكتە قۇرغان بىر پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەت. بۇنداق بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بىر قانچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن، تەرەققىي قىلغان ۋە مۇستەھكەملەنگەن. دۆلىتىمىزنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، مۇستەھكەملىنىشى جەريانىدا، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى ئورتاق ياراتقان، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە بەرپا قىلغان ۋە تەرەققىي قىل-

دۇرغان، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ھەممىسى تۆھپە قوشقان، ۋەتىنىمىزنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە بىرلىكىنى بىرلىكتە قوغدىغان. ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلدى، سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم تۈگىتىلدى. ئىقتىسادىي بازىستىن ئۈستقۇرۇلمىغىچە بولغان ھەر قايسى ساھەدە كەڭ كۆلەمدە ئىجتىمائىي ئىسلاھات يۈرگۈزۈلدى، ئىشلەپچىقى-رىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، ئىلىم - پەن، مەدەنى-يەت كۆپ ئىلگىرىلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلاندى ۋە ئۆستى، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە يەر - جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى. يېپيېڭى سوتسىيا-لىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ئورنىتىلدى، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى ئەمەل-گە ئاشۇرۇلدى، سوتسىيالىستىك ئىدىيىنى مەركەز قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، بۇ ئاساستا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئور-تاق ئىدىيە ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى شەكىللەندى، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك ئىسىل ئەنئەنىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى زوراۋان-لار دىننى مەنىۋى قورال قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، «غازات» قىلىشنى تەرغىپ قىلىپ، شىنجاڭنى سوتسىيالىستىك ۋەتەن ئائىلىسىدىن بۆلۈپ چىقىپ، خەلقئارا جاھانگىرلىكنىڭ ۋە كاپىتالىزمنىڭ ھامىيلىقى ۋە بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ — تارىخىي ئېقىمغا قارشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئورتاق غايىسىگە زىت قىلمىش، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىشى، ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر.

ئىككىنچىدىن، بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقى-لابچىلارنىڭ دىننى سۇيىئىستېمال قىلىپ، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزدە ئاللىبۇرۇن بىكار قىلىنغان ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئۇرۇشقا دائىر پەتىۋالاردىن پايدىلىنىپ «غازات» قىلىشنى تەرغىپ قىلىشتىكى مەقسىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇ-زۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك، قارى-

مۇقارشىلىق ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قوزاللىق توپىلاڭ قوزغاش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇلار قۇراشتۇرۇپ چىققان «غازات نىزامى» دا «غازات» قىلىشنىڭ مەقسىتى «كاپىرلارغا ھۇجۇم قوزغاش»، «كاپىرلارنى يوقىتىش» دەپ تەرغىپ قىلىنغان. ئىسلام دىنىدا ئېيتىلغان «كاپىر» ئادەتتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرگە قارىتىلىدۇ. ئەمما ئۇلار ئېيتقان «كاپىر» ئاساسەن خەنزۇ خەلقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇلار «جەڭ قىلايلى، خىتايلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرايلى» دەپ جار سالدى. دېمەكچى ئۇلار ئېلىپ بارغان «غازات» «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش»، «خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش» بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

مەملىكىتىمىزدە، خەنزۇلار ئاھالىسى ئەڭ كۆپ مىللەت. 1982 - يىلدىكى مەملىكەت بويىچە نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېلان قىلىنغان سانغا قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى ئىچىدە خەنزۇلار 93.3 % نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭدا خەنزۇلار تەخمىنەن 40% نى ئىگىلەيدۇ. مەيلى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە ياكى شىنجاڭدا بولسۇن، ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، خەنزۇلار بىلەن ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە باشتىن ئاخىر مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. مەملىكەت مىقياسىدىن ئېيتقاندا، يېقىنقى زامان جۇڭگو ئىنقىلابىي جەريانىدا، خەنزۇ خەلقى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى ئىنقىلابلىرىدا ئاساسىي قوشۇنلۇق رول ئويىنىدى. جۇڭگو ئىنقىلابى ئالدى بىلەن خەنزۇ خەلقىنى ئاساس قىلغان رايونلاردا باشلانغان ھەم تايانچ بازىلارنى قۇرغان، ئاندىن قېرىنداش مىللەت رايونلىرىغا كېڭەيگەن ئىدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدە، خەنزۇ خەلقى دۆلەت تۇرمۇشىدا يېتەكچىلىك رول ئويىنىماقتا. شىنجاڭدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چىن، خەن سۇلالىرىدىن ئىلگىرى، ئىچكىرى جايلاردىكى خەنزۇلار «غەربىي رايون» دەپ ئاتالغان قەدىمكى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بىلەن ئالاقە ئورناتقان ۋە باردى - كەلدى قىلغان. خەن سۇلالىسىنىڭ جەنيۈەن 3 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى) جاڭ چيەن غەربىي رايونغا تۇنجى قېتىم كەلگەن؛ خەن سۇلالىسىنىڭ تەيچۇ 4 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى) خەن سۇلالىسى غەربىي رايوندا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى باشلىغان؛ خەن سۇلالىسىنىڭ شېن جۆ 2 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) خەن سۇلالىسى «غەر-

بىر رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى» تەسىس قىلىپ، غەربىي رايوندىكى 36 شەھەر ـ قەلئە دۆلىتىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. كېيىنكى 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، خەنزۇ خەلقى شىنجاڭغا ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ كېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ بىپايان زېمىنىنى بىرلىكتە ئاچتى. 1982 ـ يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 13 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 5 مىليون 280 مىڭدىن ئاشقان. خەنزۇ خەلقى ئۆتكەن ھەر قايسى دۆلەتلەردە شىنجاڭنى ئېچىش ۋە قوغداش كۈرىشىدە ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە غايەت زور تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇزاق تارىخ ۋە ئەمەلىيەت خەنزۇلارنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىز تەكىتلەپ كېلىۋاتقان «ئىككى ئايرىلالماسلىق» تىن ئىبارەت نەزەرىيەۋى ھۆكۈم خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى ۋە ھازىرقى مۇناسىۋىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بارىن يېزىسىدىكى بىر ئوچۇم ئەكسىلئىنقىلابچىلار پانئىسلامىزم ئارقىلىق دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىدى، «غازات» ئارقىلىق خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشنى تەرغىب قىلدى، ئۇنىڭ ماھىيىتى «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى يەنى تارىخ ۋە رېئال ئەمەلىيەتنى ئىنكار قىلىش، خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشتىن ئىبارەت. بۇ ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ۋە مەنپەئىتىگە زىت، چوقۇم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نەپرىتىگە ۋە لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.

ئۈچىنچى، بارىن يېزىسىدىكى بىر ئوچۇم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ «غازات» نى داۋراڭ قىلىشتىكى مەقسىتى مۇسۇلمانلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئالداپ ۋە مەجبۇرلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭى ئۈچۈن جان تىككۈزۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇلار خەلق ھاكىمىيىتىنى غۇلىتىش يولىدىكى قوراللىق توپىلاڭنى قانداقتۇر «غازات»، خۇدادىن چۈشكەن «ئۇلۇغ ۋەزىپە»، بۇنداق ئەكسىلئىنقىلابىي «غازات» قا قاتنىشىشنى «مۇسۇلمانلارنىڭ گەردىنىدىكى پەرز» دەۋالدى. ئۇلار مۇشۇ ۋەۋەسكىنىڭ ھىمايىسىدا، مۇسۇلمانلاردىن زورلۇق بىلەن ئاشلىق، پۇل ئىئانە توپلىدى، ئات يىغدى، قورال ـ ياراق، ئوق-دورا تەييارلىدى. ئۇلار «ئىمام غازات قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرسىلا، ھەر بىر مۇسۇلمان ئىتائەت قىلىشى شەرت»، ھەتتا «مۇسۇلمانلار خوتۇن ـ قىزلىرىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشى لازىم» دەپ جار سالغان. ئۇلار مەسچىتلەردە جامائەتنى «غازات» قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئۇلارنى قورقىتىپ، توپىلاڭغا قاتنىشىش توغرىسىدا كوللېكتىپ قەسەم قىلدۇردى. بىر ئۈچۈم ئۆچىغا چىققان توپىلاڭچىلار تېخى «غازات قىلىش گۈزەل ئەخلاق» دېگەن بىدئەتلەرنى تەرغىپ قىلىپ، «ئىسلام ئۈچۈن ئۆلسەڭ شېھىت، قالساڭ غازى» دەپ جۆيلىدى. ئەمەلىيەتتە، توپىلاڭ تىنچلىتىلغاندىن كېيىنكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا باشچىلىق قىلغان بىر قانچە تايانچ ئۇنسۇرلارنىڭ بەزىلىرى قاتىللىق قىلىپ قېچىپ يۈرگەنلەر، بەزىلىرى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىپ قويۇپ بېرىلگەنلەر، بەزىلىرى ئوغرى، لۈكچەكلەر، ئۇلار ئەكسىيەتچىل مەيدانىدا چاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، خەلق ھاكىمىيىتى بىلەن قارشىلاشتى. ھەربىي ئاپتوموبىللارنى، قورال، ئوق - دورىلارنى بۇلىدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنى تۇتۇۋالدى، ھەتتا قوراللىق ساقچى - قىسىم جەڭچىلىرىنى ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈردى. ئۇلار كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسىغا ھەرگىز ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئۇلار قانداقتۇ «غازى» ئەمەس، بەلكى جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ئەكسىلئىنقىلابىي زوراۋانلار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، كەڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارغا ئالدانمايدۇ. ئۇلار ھەر مىللەت خەلقى ۋە خەلق ھاكىمىيىتى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، تەتۈر يول تۇتۇپ، ئاخىر بېشىنى يېدى.

بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار «غازات» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈردى. بۇ يېڭى نەيرەڭ ئەمەس. شىنجاڭ تارىخىدا بۇنداق «غازات» نەيرىڭىدىن تارىخ ۋە خەلق تەرىپىدىن ئىرغىتىپ تاشلانغان بۆلگۈنچىلەر ۋە ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان فېئودال خوجىلارمۇ پايدىلانغان. يەنە كېلىپ يېقىنقى زاماندا بۆلگۈنچى كۈچلەر قوزغىغان «غازات» لار خەلقئارا جاھانگىرلىكنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان مۇداخىلىسى ۋە تاجاۋۇزى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. مەيلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغدىكى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى (1756 — 1759 - يىللىرى) بولسۇن ياكى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ توپىلاڭلىرى (مەسىلەن، 1826 - يىلىدىكى جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭى، 1830 - يىلىدىكى خوجا يۈسۈپنىڭ توپىلىڭى، 1847 - يىلىدىكى يەتتە خوجا توپىلىڭى، 1857-

يىلدىكى ۋەلىغان تۆرىنىڭ توپىلىڭى) بولسۇن؛ مەيلى ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان قوراللىق تاجاۋۇزى (1865 — 1878 - يىللىرى) بولسۇن ۋە ياكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر قۇرغان قورچاق ھاكىمىيەت «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» (1933 — 1934 - يىللىرى) بولسۇن، ھەممىسى دىنىي سۇيىئىستېمال قىلغان، «غازات» شەكلىدىن پايدىلانغان. شۇڭا ۋاھالەنكى بۇ خىلدىكى «غازات»لار تۈرلۈك مىللەتلەر، تۈرلۈك دىنلار ئوتتۇرىسىدا، ياكى بىر دىننىڭ تۈرلۈك مەزھەبلىرى ئوتتۇرىسىدا قانلىق قىرغىنچىلىق، كەڭ كۆلەملىك قوراللىق توپىلاڭ پەيدا قىلدى ياكى تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە سەۋەب بولدى. بۇنىڭ بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە زور زىيان يەتتى، ھەر مىللەت خەلقى تارىختىكى ئاپەتكە دۇچار بولدى. بۇ يېغىلىقلار تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئادەم كەتتى. تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قالدى. ئىقتىساد ۋەيران بولدى. مەدەنىيەت خاراپ بولدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ھەر مىللەت خەلقى ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. تارىختىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى يېڭى تارىخىي دەۋردە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ «غازات»لىرى پەيدا قىلغان تارىخىي پاجىئەلەرنىڭ شىنجاڭدا قايتا يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقە بىزنى ئاگاھلاندۇردىكى، ئازادلىقتىن كېيىن ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۈزۈم جەھەتتىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىش ۋە دىنىي تۈزۈم جەھەتتىكى زور ئىسلاھات نەتىجىسىدە شىنجاڭنىڭ دىنىي ئەھۋالى كۆپ ئۆزگەرگەن، دىنىي جەھەتتىكى زىددىيەتلەر ئاساسلىقى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە تەۋە بولغان بولسىمۇ، ئەمما دىنىي مەسىلە ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ مەسىلە، ئۇ نۇرغۇن جايلاردا مىللىي مەسىلە بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، يەنە مەلۇم سىنىپىي كۈرەش ۋە خەلقئارادىكى مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، دىن يەنىلا ئەكسىيەتچى مىللىي بۆلگۈنچىلەر پايدىلىنىپ خەلق ئاممىسىنى قايمۇقتۇرىدىغان، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان بىر خىل ۋاستىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىز بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلىشىمىز ۋە ھوشيار

(داۋامى 127 - بەتتە)

# «بۇرۇن ماركسىزم - لېنىنىزم دىننى باسقان، ئەمدى دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە

ليۇ جۇڭكاڭ

بۇ يىل 4 - ئايدا، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز سانلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇشنى، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشنى، شىنجاڭنى ۋەتەندىن بۆلۈپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قىلدى. ئۇلار توپىلاڭنىڭ ئالدىدا ۋە توپىلاڭ جەريانىدا، بىرمۇنچە ئەكسىيەتچىل سىياسىي شوئارلارنى توقۇپ چىقىپ، نۇرغۇن ئەكسىلئىنقىلابىي سەپسەتىنى تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ بىمەنە، ئەڭ زەھەرلىك بىر شوئار ئۇلار كاپشىغان قانداقتۇر «بۇرۇن ماركسىزم - لېنىنىزم دىننى باسقان، ئەمدى دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت. بىز بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ بۇ شوئارىنىڭ بىمەنىلىكىنى نەزەرىيە ۋە پاكىت جەھەتتىن ئېچىپ تاشلىشىمىز كېرەك.

( 1 )

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىمۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىمۇ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى يېتەكچى ئىدىيە ئىكەنلىكى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي سىياسەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشىدىكى نەزەرىيىۋى ئاساس ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. دېمەك، «بۇرۇن ماركسىزم - لېنىنىزم دىننى باسقان، ئەمدى دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دېگەن بىمەنە سۆزگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، ئالدى

بىلەن ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە دىنىنىڭ ئېلىمىزدىكى ئورنىنى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ئېنىق پەرق ئېتىش لازىم. ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى دۆلىتىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ـ نىگىزى سۈپىتىدە، ئېلىمىزنىڭ ھەر قانداق بىر پۇقراسى، مەيلى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغىنى بولسۇن ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغىنى بولسۇن، ئوخشاشلا قوغدىشى لازىمكى، قارشى تۇرۇشقا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى زور كۈچ بىلەن، قەتئىي بوشاشماستىن تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم. لېكىن شەخسلەر ئۇنىڭغا بىر خىل ئىدىيە سۈپىتىدە ئېتىقاد قىلسۇن ـ قىلمىسۇن، دۆلەت ھەرگىز مەجبۇر قىلمايدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئېلىمىزدە پۈتۈنلەي شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىشى، ھەر قانداق پۇقرا قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلسىلا، دۆلەت ئۇلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ـ قىلماسلىقىنى، قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلىشى ۋە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا ئارىلاشمايدۇ. ماركسىزم ـ لېنىنىزم بىلەن دىنىنىڭ ئېلىمىزدىكى بۇ خىل ئورنى شەخسلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ـ قىلماسلىقى ۋە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىدا پارتىيە ۋە دۆلەت ماركسىزمنىڭ دىن قارىشىغا ئاساسەن تۈزۈپ چىققان دىنىي سىياسەت ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىشىنى، قانۇننىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىشىنى بەلگىلىگەن. پۈتۈنلەي شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىشى بولغان دىن ۋە دىنىي پائالىيەت دۆلەت ئىشلىرىغا ۋە ھەر قانداق پۇقرانىڭ دېموكراتىك، ئەركىنلىك ھوقۇقىغا ئارىلىشالمايدۇ، بۇ خىل ئۆلچەم ۋە چەكلىمىنىڭ بەلگىلىنىشى ھەرگىز «ماركسىزم ـ لېنىنىزم دىننى باستى» لىق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى دىنىي

---

بولۇشىمىز لازىم. بىز چوقۇم بايرىقىمىز روشەن ھالدا پانئىسلامىزمغا ۋە پانتۈركىزمگە قارشى تۇرۇشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز، دىنىي تونىغا ئورىنىۋېلىپ، «غازات» نى، دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە ھەر مىللەت دىندارلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېتىقاد ۋە دىنىي پائالىيەت دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. مەسىلىنى مۇشۇنداق بۇرمىلاپ «ماركسىزم-لېنىنىزم دىننى باستى» دېيىش، يامان غەرەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنى تەل - تۆكۈس پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش لازىم.

(2)

دۇنيا قاراش جەھەتتىن ئالغاندا، ماركسىزمچە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم بىلەن دىندىن ئىبارەت ئىدېئالىزم تۈپتىن قارىمۇ قارشى. چۈنكى ئالدىنقىسى پەننى ئاساس قىلىدۇ، كېيىنكىسى بولسا پەننى كەمسىتىدىغان، ئىنكار قىلىدىغان ئېتىقادچىلىق: ئالدىنقىسى ئىنقىلاب ۋە ئىلمىي (پەننىي) پوزىتسىيە بىلەن دۇنيانى ئۆزگەرتىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشنى قوۋۋەتلەيدۇ، كېيىنكىسى دۇنيا ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا تەقدىرچىلىك پوزىتسىيىنى قوللىنىپ، ئۈمىدنى خىيالىي «ئاخىرەت» كە بېغىشلاپ، «ئىلاھىي» دۇنيادىن تەسەللى ۋە ئامانلىق ئىزدەيدۇ.

ماركسىزم - لېنىنىزمچىلار تارىخىي ماتېرىيالىزمچى بولۇپ، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، دېگەن نۇقتىئىينەزەردە چىڭ تۇرىدۇ. شۇڭا، ماركسىزم - لېنىنىزمچىلار گەرچە ئاتېزمچىلار بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ تارىخىي مەنبەسى بار، بۇ مەنبە يوقالمايدىكەن، دىنىنىڭ ئۆزلۈك - كېسەل يوقىلىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، يەنە مەلۇم دائىرىدە سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت؛ كىشىلەر تەبىئەت كۈچلىرىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ، تىزگىنلەپ كېتەلمەيدۇ؛ كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئاتېئىزم تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشمۇ خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريان: دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، دىنىي ئېتىقادنىڭ مىليونلىغان ئامما ئىچىدە يەنە چوڭقۇر تەسىرى بار. مانا بۇ خىل ئەھۋال دىنىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا يوقىلىشىنىڭ يىراق كەلگۈسىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركسىزم - لېنىنىزم دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇشىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق پاكىت ئالدىدا، ماركسىزم - لېنىنىزمچىلار ئەزەلدىن

دىنىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغىمۇ، دىنىنى مەمۇرىي ۋاسىتە بىلەن يوقىتىش-قىمۇ قارشى تۇرۇپ كەلگەن. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، دىنىي ئېتىقاد خەلق ئىچىدىكى ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىگە مەنسۇپ. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەن: «خەلق ئىچىدىكى ئىدىيە مەسىلىسىنى، ھەق-ناھەق مەسىلىسىنى مەمۇ-رىي بۇيرۇق ئۇسۇلى بىلەن، زورلاش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئۈنۈملۈك بولمايلا قالماستىن، بەلكى زىيانلىق. دىنىنى مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن يوقىتالمايمىز، كىشىلەرنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىيالمايمىز. ........ ئىدىيە خاراكتېرىدىكى ئالغانلىقى مەسىلىلەرنى، ........ زورلاش، بېسىم ئىشلى-تىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 5-توم 677-بەت). دېمەك، ماركسىزم-لېنىنىزم دىنغا ئەزەلدىن ئىلمىي پو-زىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى قۇۋۋەتلەپ كەلگەن.

بىرىنچى، دىن ئىدېئالىزملىق ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە، سىنىپىي جەمئىيەت-تە دائىم ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن سۈيىئىستېمال قىلىنىپ، ئىنتا-يىن پاسسىپ (سەلبىي) رول ئويناپ كەلگەن. شۇڭا، ئىنقىلابىي ئۇستازلار ئۇنىڭغا ئىزچىل تەنقىدىي پوزىتسىيە قوللانغان. لېكىن ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنىنىڭ بىر خىل پاسسىپ رولى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەبلەردىن باشقا، يەنە ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈ-چۈن، ئۇلار دىنىنىڭ ماھىيىتى ۋە رولىنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھامان تەنقىدنىڭ تىغ ئۇچىنى ئاساسلىقى دىنغا ئەمەس، ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىگە قارىتىدۇ. ئىككىنچى، ئۇلار يەنە پرولېتارىيات بىلەن ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ سىياسىي مەنپەئەت جەھەتتىكى بىردەكلىكى ئىدىيىۋى ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرق-قە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم دەپ ھېسابلايدۇ. لېنىن 1905-يىلى ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا «دىنغا ئېتىقاد قىلىش-قىلماسلىق» بويىچە چەك-چېگرا ئايرى-ماسلىق لازىملىقىنى كۆرسىتىپ: «مېنىڭچە، ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ كىشىلىك ئالەمدە جەننەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بۇ خىل ھەقىقىي ئىنقىلا-بىي كۈرىشى پرولېتارلارنىڭ جەننەت توغرىسىدىكى پىكرىنىڭ بىردەكلىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم» دېگەن («لېنىن ئەسەرلىرى» 1-نەشرى، 10-توم، خەنزۇچە 65-بەت). دېمەك، لېنىن ئەينى ۋاقىتتا بەزى بۇرژۇئا گۇرۇھلى-رىنىڭ دىنغا قارشى ھەرىكەت قوزغاش سۈيىقەستىگە قەتئىي قارشى تۇرغان. يولداش جۇئېنلەيمۇ بۇ ئىدىيىنى كۆپ قېتىم شەرھلىگەن، ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، سوتسىيالىزم

ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى شۇنىڭدەك تىرىشىپ ئۆگىنىشىنىلا ئۈمىت قىلىمىز. بۇنىڭدا، ئۇلاردا ئىدىيە جەھەتتە دىنىي ئېتىقادمۇ بولىدۇ، بۇ پۈتكۈل خەلق دېموكراتىيە بىرلىك سېپىمىزنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا دەخلى قىلمايدۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ» («جۇ ئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، خەنزۇچە 401 - بەت). ئۈچىنچى، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىش سوتسىيالىستىك دۆلەت چىڭ تۇرۇپ كەلگەن توپ پرىنسىپ دىنىي ئېتىقاد ئىدىيىۋى ئېتىقاد سۈپىتىدە، دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا خۇسۇسى ئىش بولۇپ، دۆلەت ئۇنىڭغا ئارىلاشمايدۇ، لېكىن دىنمۇ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ. لېنىن «سوتسىيالىزم ۋە دىن» دېگەن پروگراممىا خاراكتېرلىك ئەسىرىدە: «دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، دىننىڭ خۇسۇسىي ئىش بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز، ........ دۆلەت دىن بىلەن مۇناسىۋەت قىلماسلىقى كېرەك، دىنىي تەشكىلات دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن ئالاقە قىلماسلىقى كېرەك» دېگەن.

ئىنقىلابىي ئۇستازلارنىڭ دىن توغرىسىدىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان قاراشلىرى بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ قارىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ دىنغا تۇتقان ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن كۆپلىرى قوبۇل قىلىدۇ. دېمەك، «ماركسىزم - لېنىنىزم دىننى باسقان» دېگەن سۆز پۈتۈنلەي بىمەنە سەپسەتىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ دىننى باسمايدىغانلىقىنى، بەلكى دىننىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى نەزەرىيە جەھەتتىن بايان قىلدۇق. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو كومپارتىيىسى دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ تا ھازىرقى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولغىچە، باشتىن ئاخىر ئىنقىلابىي ئۇستازلارنىڭ دىن توغرىسىدىكى ئىلمىي بايانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئىزچىل قۇۋۋەتلەپ كەلگەن ھەم ئۇنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر خىل توپ سىياسىتى قىلىپ كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئايرىم ھالدا بىر نەچچە قېتىملىق ئاساسىي قانۇنغا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى قانۇنىي شەكىل بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1982] 19 - نومۇرلۇق ھۆججىتى دىنىي سىياسەت مۇكەممەللەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ كونكرېت نامايەندىسى. ھۆججەتتە: «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ھۆرمەتلەش ۋە

مۇھاپىزەت قىلىش پارتىيىنىڭ دىنىي مەسىلىگە قاراتقان تۈپ سىياسىتى. بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسەت بولۇپ، كەلگۈسىدە دىن تەبىئىي يوقالغانغا قەدەر داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدىغان سىياسەت» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدا «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» نىڭ مەزمۇنى ئەتراپلىق شەرھلىنىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى دېگىنىمىز: «ھەر بىر پۇقرانىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ ئوخشاش بىر دىن ئىچىدە، بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ دىنغا بۇرۇن ئېتىقاد قىلمىغان بولسا، ئەمدى ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان بولسا، ئەمدى ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭ يادروسى ھەر قانداق ئادەمنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى بولىدىغانلىقىدۇر. بۇنىڭ ئىككىلىسى ھۆرمەتلىنىدۇ ۋە مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلايدىغان ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلايدىغان ھەركەتنىڭ ھەر قانداقلىقى باشقىلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ، جۈملىدىن ئۇ ئىنتايىن خاتا ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. 19 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىنى پۇقرالارنىڭ شەخسەن ئەركىن تاللايدىغان خۇسۇسىي ئىشىغا ئايلاندۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويماسلىق، دۆلەتنىڭ ئارىلاشماسلىق، بەلكى مۇھاپىزەت قىلىش، لېكىن دىنىنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق، بىكار قىلىنغان دىنىي فېئوداللىق ئىمتىيازنى ۋە دىنىي زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قەتئىي يول قويماسلىق، دىندىن پايدىلىنىپ پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشقا قەتئىي يول قويماسلىق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن، چۈنكى بۇ ھەرىكەتلەر دىنىي ئېتىقاد يولىدىن چىقىپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتكە ئايلانغان. مەسىلەن، بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى زوراۋانلارغا ئوخشاشلارغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ زادىلا دىنغا قارىتىلغان ئەمەس، تەبىئىيكى «دىنىي

بېسىش» ئەمەس، بەلكى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتكە قارىتىلغان. قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلا بولىدىكەن، مەيلى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بولسۇن ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىا بولسۇن، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

ئېلىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىا ئوتتۇرىسىدا، ئىدىيۋى ئېتىقاد جەھەتتە پەرق مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغان ئاممىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتىكى بىردەكلىكى ھەممىدىن ئاساس، ھەممىدىن مۇھىم. دۆلەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، سوتسىيالىزم ئىشلىرى، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشى، ئورتاق گۈللىنىشى مۇشۇ بىردەكلىكنىڭ مەركەزلىك گەۋدىلىنىشى. مۇبادا مۇشۇ تۈپ - ئاساسىي بىردەكلىكتىن چەتلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغان - قىلمىغان ياكى قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىق پەرقىنى تەكىتلەش بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغان ياكى قىلمىغان ئاممىا، ئوخشاش بولمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلغان ئاممىا كەمسىتىلىدىكەن ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىلىدىكەن، ئۇ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىمىلىقنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا زور زىيانلارنى يەتكۈزىدۇ. 19 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان بارلىق ئاممىنى بىرلەشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرادە ۋە كۈچى - قۇۋۋىتىنى زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئورتاق نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش بىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، بارلىق دىنىي مەسىلىنى بىر ياقلىق قىلىشتىكى تۈپ چىقىش نۇقتىمىز ۋە مەقسىتىمىز. بۇ تۈپ نۇقتىغا خىلاپ ھەر قانداق سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى خاتا، ھەممىسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ قەتئىي چەكلىشى ۋە قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىشى كېرەك».

بارىدىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئازسانلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ قاندا قتۇر «بۇرۇن ماركسىزم - لېنىنىزم دىنىنى باسقان، ئەمدى دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دەپ كايىشىغانلىقى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۈپ - ئاساسىي جەھەتتىكى بىردەك مەنپەئەتىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقىدىن پايدىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش - قىلماسلىق ۋە قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا كۆتۈرۈپ، ماجىرا تۇغدۇرۇپ، بەزى ئادەملەردە دىنىي ئەسەبىيلىك قوزغاپ، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا،

ماركسىزم-لېنىنىزمغا، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇشقا ئورۇنۇشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئۇنىڭ ئېلىمىزدىكى نوپۇزىنى قوغدىشىمىز، بىر قانچە ئون يىللىق ئەمەلىيەتتىن چىقىرىلغان يەكۈن. بۇرۇن بىز «ئۈچ چوڭ تاغ» نى ئاغدۇرۇپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتا ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايانغان. ھازىر بىز نوپۇسى مۇشۇنداق كۆپ، زېمىنى مۇشۇنداق كەڭ، ئەھۋالى چوڭ پەرق قىلىدىغان، ئومۇمەن ئالغاندا، نامرات، قالاق قىياپىتى تېخى تۈپتىن ئۆزگەرتىلمىگەن ئەلدە، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىكىگە تېخىمۇ مۇھتاجمىز. بىز ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، يەنىلا ماركسىزم-لېنىنىزمغا تايىنىمىز. شۇڭا، ماركسىزم-لېنىنىزمدا چىڭ تۇرۇش ئېلىمىزدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ۋە ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئىتىگە مەركەزلىك ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ تۈپ مەنپەئەتنى قوغداشنىڭ دىن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق تۇرسا، قانداقمۇ «ماركسىزم-لېنىنىزم دىنىنى باسقان» دېگىلى بولسۇن.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈمىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگەرتىلىشى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە دىنىي تۈزۈمنىڭ زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ دىنىي ئەھۋالىدا، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، تۈپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى:

‹1› ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەچى سىنىپلارنىڭ يوقىتىلىشىغا ئەگىشىپ، دىن بىلەن ھاكىمىيەت تەل-تۆكۈس ئايرىلدى، دىنىي ئېتىقاد پۈتۈنلەي پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىشىغا ئايلاندى. ‹2› دىننىڭ ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئىمتىيازلىرى پۈتۈنلەي بىكار قىلىندى. ‹3› دىنىي تەشكىلاتلار فېئوداللىق ھۆكۈمران سىنىپى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ كونتروللىقى ۋە سۈيئىستېمال قىلىشىدىن تۈپتىن قۇتۇلۇپ، دىندارلار مەخسۇس دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەشكىلاتقا ئايلاندى. ‹4› ئوخشاش بولمىغان دىن ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئۆز ئارا كەمسىتىش ۋە ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى، ئوخشاش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

بولمىغان دىن ۋە دىنىي مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىدىغان دىندارلار ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقى ئاستىدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشىدىغان بولىدى. ‹5› يۇقىرىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيە جەھەتلەردە ئامان بولۇپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرىگە شاد ـ خۇراملىق بىلەن قاتنىشىدىغان بولدى. بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى ۋە بولىۋاتىدۇ. ‹6› ھەر مىللەتتىن بولغان دىنىي زاتلار كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەر بىرلىكسەپنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. ئۇلار جاھانگىرلارنىڭ دىننى سۇيىئىستېمال قىلىشىغا قارشى تۇرۇش، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا قاتنىشىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇلاردىن زور كۆپچىلىكى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدۇ.

شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەت رايونى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما زور نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، دىنىي ئەھۋالدا پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر بولغاندىن سىرت، ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرمۇ بار. شىنجاڭدا ئون مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى ھۆرمەتلەش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن مەسچىت ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى 16 مىڭدىن ھازىرقى 21 مىڭغا كۆپەيتىلدى. باشقا دىنلارنىڭ، مەسىلەن، بۇددا دىنى (لاما دىنى) نىڭ 36 ئىبادەتخانىسى بار؛ خىرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋ دىنلىرىنىڭمۇ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ چېركاۋىسى ۋە يىغىلىش نۇقتىلىرى بار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنىڭ نورمال دىنىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلدى. ئىسلام دىنىنى ئالغاندا، ئىمامدىن يۇقىرى دىنىي زاتلار 26 مىڭدىن ئېشىپ، دىنىي پائالىيەتنىڭ رىياسەتچىلىكى تەمىن ئېتىلدى. 1982 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇسۇلمانلاردىن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغانلار 8000 دىن ئاشتى. بۇ يىل 2 ـ ئايدا ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ھەر قايسى ئوبلاست، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى پۈتۈنلەي قۇرۇلۇپ بولغان؛ ناھىيىلىك

جەمئىيىتتىن 22 سى قۇرۇلغان. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى 1400 دىن ئاشقان. ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئوبلاست، شەھەر-لىك بۇددا دىنى جەمئىيىتى تۆت بولۇپ، لىشلىرى 77 نەپەر. ھازىرغا قەدەر تەخمىنەن 2700 دىن ئارتۇق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش ۋە دىنىي تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتىدۇ، بۇلار ئاپتونوم رايون بويىچە دىنىي كەسىپ خادىملىرىنىڭ تەخمىنەن 10% تىنى ئىگىلەيدۇ. 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئالغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات 4200 دىن ئېشىپ، دۆلەتتىن 2 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل بېرىلگەن.

ئەلۋەتتە، شۇنىمۇ تەيىنەن ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىككى، مەلۇم مەزگىلدە سول ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، بولۇپمۇ لىن بياۋ، تۆت كىشىلىك گۇرۇھتىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراش تۈپەيلىدىن پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەر ئاياغ ئاستى قىلىندى. لېكىن يەنە شۇنىمۇ تەيىنەن ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، بۇ خىل بۇزغۇنچىلىق مەخسۇس دىنغا قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بولۇپ، بۇنىڭ «دىننى يېمىش» بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش جەريانىدا، ئاشۇ بىر مەزگىلدە دىنىي سىياسەت ۋە دىنىي پائالىيەتكە قىلىنغان بۇزغۇنچىلىقمۇ تۈزۈل- كېسەل تۈزىتىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى تەمىن ئېتىلدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆتمۈشتىكى سابىق جەمئىيەتتە دىنىي تەشكىلاتلار ئىچكى - تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى: فېئودال ھۆكۈمرانلار مەلۇم بىر دىننى ياكى ئۇنىڭ مەزھىپىنى يۆلەش ئارقىلىق باشقا دىن ياكى ئۇنىڭ مەزھىپىنى چەكلەپ، زەربە بېرەتتى، ھەتتا يوقىتىۋېتەتتى؛ ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلاتتى؛ دىندار خەلقلەر فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچراش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە دىنىي ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچرايتتى. مۇشۇ ئەھۋاللار كىمنىڭ دىننى باسىدىغان، كىمنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتنى ھۆرمەتلەيدىغان ۋە مۇھاپىزەت قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرمەمدۇ ؟

يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى تولۇق نامايەن قىلىدۇكى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى www.uyghurkitap.com

بەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگودىلا ھەرمىللەتتىكى مەسلىكۆرۈلمىگەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولغان. بۇ پاكىتلار «بۇرۇن ماركسىزم-لېنىنىزم دىنىنى باسقان» دېگەن سەپسەتىنىڭ سىرىنى كۆچلۈك ئېچىپ تاشلايدۇ.

‹3›

بارىن يېزىسىدىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر «ئەمدى دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دەپ كاپىشىغان. دىن زادى ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشەلەمدۇ؟ بىز دىن بىلەن ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ماھىيىتىنى سېلىشتۇرساقلا، بۇ خىل كاپىشىشنىڭ غالجىرئىتىنىڭ ھۇلىشىلا ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز تەس ئەمەس.

دىنىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ماركس: «دىن —— ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراش» دېگەن. ئېنگېلس: «بارلىق دىن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسىدىن ئىبارەت» دېگەن. مانا بۇ دىنىنىڭ بىر خىل ئىدىئولوگىيە سۈپىتىدە، ماھىيەت جەھەتتىن رېئال دۇنيانىڭ خىيالىي شەكىل بىلەن بۇرمىلانغان ئىنكاسىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ئوخشاش بولمىغان دىنلارنىڭ ئۆزىگە خاس دىنىي ئەقىدە، رەسىم - قائىدە، تەشكىللىرى بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىلا رېئال دۇنيانىڭ خىيالىي شەكىلدە بۇرمىلانغان ئىنكاسى، بۇ ھەر قانداق دىن ئۈچۈن ئورتاق، شۇڭا، ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، دىن ئەقلىي ئەمەس، ئىلمىي ئەمەس.

ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ئالغاندا، دىن ئېتىقادچىلىقتا مەنسۇپ. بۇ خىل ئېتىقاد ھامان مەلۇم خىيالىي، تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق مەنزىل ۋە سىرلىق كۈچكە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئاساسىغا تىكلىنىدۇ. كىشىلەر بۇ خىل سىرلىق مەنزىل ۋە سىرلىق كۈچكە باش قويىدىكەن، مۇقەررەر ھالدا ئادەمنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى كەمسىتىپ، ئاتالمىش «جەننەت»، «ئاخىرەت»، «بەخت - سائادەت» نىڭ كويىدا بولۇشنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نىشانى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن رېئال بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ھەتتا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ، ھەممىدە «تەقدىرگە تەن بېرىدۇ». دىنىنىڭ ئىجتىمائىي رولى خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك، «دىن ــ خەلقنى زەھەرلىگۈچى ئەپيۇن» («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»

2-نەشرى، 2-توم، 375-بەت، خەنزۇچە). لېكىن دىننىڭ پاسسىپ رولىغا قارىتا، ئېتىقادچىلار ئاق مەرگىمۇشقا مۇئامىلە قىلغاندەك ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئۆز رازىلىقى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئېتىپ باقىدۇ، تۇيمايلا ئاستا خاراكتېردە زەھەرلىنىدۇ. بۇ، دىننىڭ زەھەرلىك ۋە زىيانلىقلىقى غايەت زور ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دىن ئۇزۇن تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت تارىخى جەريانىدا، دىن بەربىر قىسقا ۋاقىتلىق ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى دۇنيا بويىچە ئۈچ چوڭ دىننى ئالغاندا، بۇددا دىنىنىڭ تارىخى ھەممىدىن ئۇزۇن بولسىمۇ، يەنىلا ئىككى مىڭ ئۆت-بەش يۈز يىلدىن ئاشمايدۇ، خرىستىيان دىنىنىڭ تارىخى ئىككى مىڭ يىلغا يەتمەيدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز قانچە يىلدىن ئاشمايدۇ. ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دىنمۇ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئانتروپولوگىيە ساھەسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ نامايەن قىلىشىدىن قارىغاندا، كۆپ دېگەندە بىر يۈز قانچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بولسا بىر نەچچە مىليون يىللىق تارىخقا ئىگە. دېمەك، دىننىڭ تارىخى ئىنسانىيەت تارىخىغا قارىغاندا كۆپ قىسقا. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىن قاچانلا بولمىسۇن يوقىلىدۇ، ئىنسانىيەت تارىخى بولسا پۈتمەس-تۈگىمەس، چۈنكى دىن مەلۇم ئىجتىمائىي-تارىخىي شارائىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دۇنيا مىقياسىدا ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ زور دەرىجىدە راۋاجلىنىشى، ئىنسانلارنىڭ پەن، مەدەنىيەت ۋە ئىدىيىسىنىڭ زور دەرىجىدە يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ-بىلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى باشقۇرالايدىغان بولۇپ، «كۆزلىگەن ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تەڭرىدىن كۈتىدىغان» ھالەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىدۇ، كىشىلەر ئۈچۈن ئىلاھىدىن ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەت تىلەشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ئۇ چاغدا، دىن كىشىلەر ئۈچۈن ئارتۇقچە بىر نېمە بولۇپ قالىدۇ-دە، مۇقەررەر ھالدا يوقىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس.

ماركسىزم ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي نۇقتىئىنەزىرى ۋە تەلىماتىنىڭ سىستېمىسى، پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پارتىيىسىنىڭ كوممۇنىزملىق دۇنيا قارىشىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل نەزەرىيە فورماتسىيىسى. لېنىنىزم جاھانگىر-

لىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ماركسىزم. ماركسىزم ـ لېنىنىزم دۇنيا پرولېتارىياتى كۈرەش ئەمەلىيىتىنىڭ يەكۈنى، پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىڭ ئىلمىي نامايەندىسى، خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئەڭ توغرا، ئەڭ ئىنقىلابىي ئىلمىي ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى». شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركسىزم يەنە گېرمانىيىنىڭ كىلاسسىك پەلسەپىسى، ئەنگلىيىنىڭ كىلاسسىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى ۋە فرانسىيىنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمىنىڭ ئىلغار ئىدىيە نەتىجىلىرىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلغان. ماركسىزمنىڭ ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسمى: دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزمدا تەبىئەت، جەمئىيەتنىڭ ۋە ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنلىرى ئىلمىي شەرھىلەنگەن؛ كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر يوقىلىش، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىش قانۇنىيەتلىرى ئېچىپ بېرىلگەن؛ پرولېتارىيات ۋە بارلىق ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يوللىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. قىسقىچە ئېيتقاندا، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىنسانلارنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى.

ماركسىزم دۇنياغا كەلگەندىن بۇيانقى يۈز نەچچە يىل جەريانىدا، دىنىي كۈچ ۋە بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا ھۇجۇمى ۋە قارشىلىقى زادىلا توختىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچى، جەڭگىۋار كۈچى بىلەن پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى ۋە ئىلغار ئىنسانلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ئىلھام بېرىپ، داۋاملىق غەلىبە قازىنىپ كەلمەكتە. ماركسىزم ھەقىقەتنى ئاياقلاشتۇرغىنى يوق، بەلكى ئەمەلىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ راۋاجلىنىدۇ. ئۇنىڭ دۇنيا بويىچە ئاخىرقى غەلىبىسىنى ھەر قانداق كۈچ توسالمايدۇ. لېكىن ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ راۋاجلىنىش يولى ھەر قانداق پەن ۋە ئىلغار نەرسىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئەگرى ـ بۈگرى بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى، كوپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئوخشاشلا بارلىق قالاق، كونا كۈچلەرنىڭ، ئالدى بىلەن دىنىي كۈچلەرنىڭ جېنىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلىشى ۋە بېسىشىغا ئۇچرىغان. قۇياش مەركەز تەلىماتىدا چىڭ تۇرغان مەشھۇر ئالىم گالىلېي ۋە برۇنولار دىنىي كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، برۇنو دىنىي سوت تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ تىرىك كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن. لېكىن مەيلى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى بول-

سۇن ياكى قۇياش مەركەز تەلىماتى بولسۇن، ئۇنىڭ ئىلمىي ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىپ دۇنيا بويىچە ئومۇمىي يۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە قۇياش مەركەز تەلىماتى تەبىئىي پەننىڭ ئايرىم تۈرى جەھەتتىكى كەشپىياتتىنلا ئىبارەت ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا دىننى ۋەكىل قىلغان پۈتۈن دۇنيادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۇنى ئۆچۈقتۇرالمىغان تۇرسا، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى ئىلغار نەتىجىلىرىنىڭ يىغىندىسى بولغان ماركسىزم - لېنىنىزم توغرىسىدا بارىن يېزىسىدىكى بىر نەچچە بىلىمسىز زوراۋاننىڭ «دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دەپ داۋراڭ سېلىشى پەقەت چېكىدىن ئاشقان تەلۋىلىك، ئۆزىنى چاغلىمىغانلىق.

‹4›

بارىن يېزىسىدىكى بىر ئوچۇم بۆلگۈنچىلەر ئويدۇرۇپ چىققان ئاتالمىش «بۇرۇن ماركسىزم - لېنىنىزم دىننى باسقان، ئەمدى دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دېگەن ئەكسىيەتچىل شوئارنىڭ ماھىيىتى پارتىيىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. ھەممىگە مەلۇمكى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە، ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى تۇرغانلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھەر مىللەتتىن بولغان كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. جۈملىدىن ئۇ مۇقەررەر ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قارىتا يېتەكچىلىك قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش، تەشكىللەش، ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كاپالەتلىك قىلىشتەك غايەت زور رولىنى ئۆتەيدۇ. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن پارتىيە رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ غەلىبىلىك ئالغا بېسىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ماركسىزم - لېنىنىزم،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى مۇتلەق يېتەكچىلىك ئورنىدىن ۋاز كەچكەندە، پارتىيىمىز نەزەرىيىۋى يېتەكچىنى يوقىتىپ قويىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇقەررەر ھالدا يۆنىلىشتىن چەتلەپ كېتىدۇ. ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ تۈپ مەنپە-ئىتى كاپالەتسىز قالىدۇ، ۋەتىنىمىز قايتا چەك-چېگىدىن پارچىلىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بارىن يېزىسىدىكى بىر ئوچۇم بۆلگۈنچىلەرنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمغا شۇ قەدەر ئۆچمەنلىك قىلىپ، «ماركسىزم-لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈش كېرەك» دەپ كاپىشىشىدىكى مەقسىتى شۇ ئارقىلىق جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىستىك خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ، شىنجاڭنى بۆلۈپ چىقىرىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش، دىن ئۇلارنىڭ ئۆز جىنايى سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىكى ۋەسۋەسىسىدىنلا ئىبارەت. ئۇلار توپىلاڭدا يەنە «ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرەيلى» دەپ ۋارقىراشقان. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار زادىلا ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس، چۈنكى ھەقىقىي مۇسۇلمان ۋەتەننى سۆيىدۇ. ئۇلار زادىلا كەڭ مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، بەلكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىنتايىن ئاز سانلىق مۇناپىق، بۆلگۈنچى، ئەكسىلئىنقىلابچىلاردۇر. ھەممىگە ئايانكى، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇن پارتىيىمىز دىنىي ساھەدە «سول» چىل خاتالىقنى ئۆتكۈزگەن مەزگىلدىمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئامما ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىشەنچىسىدىن تەۋرەنمىگەن. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە دىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى ساھەدە «سول» خاتالىقنى تۈزەتتى، دىنىي زاتلار ئارىسىدىكى ناھەق، خاتا، يالغان ئەنزىلەر ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتىلدى، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ھەر قايسى دىنلارنىڭ ئېتىقادچىلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولماقتا. بارىن يېزىسىدىكى بىر ئوچۇم بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇ خىل ئەكسىيەتچىل شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدا، ئۇلارنىڭ جىنايى غەرىزى ئۆز-ئۆزىدىن روشەنكى، ئۇلار بىر قىسىم ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئىخلاسمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، «ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش» شوئارى ئاستىدا، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاپ، «بۇرۇن ماركسىزم-لېنىنىزم دىننى باسقان، ئەمدى دىن ماركسىزم-لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دېگەن داۋراڭدا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما

بىلەن پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش، ۋەتەننى پارچىلاشتەك جىنايى مەقسىدىگە يېتىش خام خىيالىدا بولغان، خالاس. بىز بۇ بىر ئۈچۈم بۆلگۈنچىلەرنىڭ سۇيىقەستىنى تولۇق بىلىپ، ھەر ۋاقىت ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، بىر ئۈچۈم بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

تەرجىمە قىلغۇچى: روزى تۇردى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
قەرەللىك ژۇرناللارنى تىزىملاش نومۇرى: 703